

ئايسىمە ئىدرىس

# دېڭىزنىڭ يېنىدىن كەتتىم

قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى



ISBN 978-7-5373-1624-8

9 787537 316248 >


ISBN978-7-5373-1624-8

（民文）定价：9.00 元

ئايسىمە ئىدرىس

# دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتتىم

( شېئىرلار )



قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

我已离去了窗边:维吾尔文/阿依色玛.伊德里斯著.
喀什:喀什维吾尔文出版社,2007.12
ISBN 978—7—5373—1624—8

Ⅰ.我… Ⅱ.阿… Ⅲ.诗歌— 作品集—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.I227

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2007)第 195536 号

责任编辑:齐曼姑丽·阿吾提
责任校对:姑丽巴哈尔· 麦麦提依明

我已离去了窗边

阿依色玛.伊德里斯 著

---

喀什维吾尔文出版社出版发行
(喀什市塔吾古孜路 14 号 邮编:844000)
各 地 新 华 书 店 经 销
喀什维吾尔文出版社印刷厂印刷
850×1168 毫米 1/32 开本 5.3125 印张 2 插页
2007 年 12 月第 1 版 2007 年 12 月第 1 次印刷
印数:1 —— 3080 定价:9.00 元

# مۇھەررىردىن

ياش شائىرە، ئايىسىمە ئىدرىس 1971-يىلى 1-ئايدا يەكەن ناھىيىسىدە ئوقۇتقۇچى ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. 1993-يىلى شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەدەبىيات پاكۇلتېتىنى پۈتكۈزۈپ، سابىق يەكەن پېداگوگىكا مەكتىپىگە خىزمەتكە چىققان، ھازىر يەكەن ناھىيىلىك 3-ئوتتۇرا مەكتەپتە تىل-ئەدەبىيات ئوقۇتقۇچىسى بولۇپ ئىشلەپ كەلمەكتە.

ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چېغىدىلا باشلانغان، 1988-يىلى «شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گېزىتى»دە ئېلان قىلىنغان «كىتابىم» ناملىق شېئىرى بىلەن ئىجادىيەت سېپىگە قوشۇلغان. شۇنىڭدىن باشلاپ «تارىم»، «تەڭرىتاغ»، «قەشقەر ئەدەبىياتى»، «شىنجاڭ گېزىتى»، «ئىشچىلار ھەرىكىتى»، «تۇرپان»، «كىرووران»، «يەكەن گېزىتى» قاتارلىق گېزىت-ژۇرناللاردا 300 پارچىدىن ئارتۇق شېئىرى، 30 پارچىدىن ئارتۇق ماقالىسى، 10 پارچىغا يېقىن تەرجىمە شېئىرلىرى ئېلان قىلىنغان. 2001-يىلى شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن «مەڭگۈلۈك سېغىنىش» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى نەشر قىلىنغان. «ئوتتىن ئاتلىغۇچى ئايال» ناملىق شېئىرى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلىنىپ «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» دا ئېلان قىلىنغان. «شەھەردىكى كەچكى شەپەق» ناملىق شېئىرى «قەشقەر ئەدەبىياتى» تەرىپىدىن 2- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «كىچىك كەنت ناخشىسى» ناملىق شېئىرى شىنجاڭ ئاخباراتچىلار جەمئىيىتى تەرىپىدىن 3- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا، «ھاياتىمدا ماڭا تەسىر كۆرسەتكەن دوستلىرىم» ناملىق ماقالىسى

«شىنجاڭ ئاياللىرى» ژۇرنىلى تەرىپىدىن 1- دەرىجىلىك مۇكاپاتقا ئېرىشكەن.

ئۇ هازىر شىنجاڭ يازغۇچىلار جەمئىيىتىنىڭ ئەزاسى.

# مۇندەرىجە


قەلبىمدىكى گۈللەرگە .................................... 1
پۇت ئاغرىقى................................................. 8
هامىلدار بولۇش ........................................... 11
توغراق چۈشى.............................................. 12
هىجران تۈنى ............................................. 13
ئۆلۈم ........................................................ 14
هېيت كۈنى ................................................ 15
زېرىكىش ................................................... 16
ئۈمىد ........................................................ 17
يات شەهەر ................................................ 18
قەشقەر قىزى .............................................. 19
كۆيۈك شەهەر ............................................. 20
يامانسۇدا .................................................. 21
ئۇچتۇرپان ................................................. 22
قانمىدىم ................................................... 23
باهار لىرىكىسى ........................................... 24
ساۋقداشلار ئۇچرىشىشى .................................. 27
شېئىردەك كۈندۈز .......................................... 29
ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار، ھەقىقىي ئايال ................ 31
باهارنامە .................................................. 37
يازنامە ..................................................... 40
ئۆرۈمچىگە خەت ............................................ 43
يولدىشىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە ............................. 45
ئىمتىهان ................................................... 46
سېرىق رەڭ ................................................. 48
هىجران ..................................................... 49

چوڭ شەھەردە باھار ........................ 51

شەھەردىكى قاغا ........................ 53

ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل ياشاش ........................ 55

ئەتىرگۈل يىغلايدۇ ........................ 56

ئاپرېلدىكى قار ........................ 57

رىسالەت مەردان بىلەن ئۇچرىشىش ........................ 59

شېئىر يازغۇم كەلدى سېنىڭسىز ........................ 61

چۈشىنىش ........................ 62

ئۇيقۇ كېسىلى ........................ 64

ھىجراندىكى ئاي ........................ 65

ئۇزىتىش ........................ 66

باھاردىكى غېرىبلىق ........................ 67

يوشۇرۇن ئازاب چېكىش ........................ 68

ئايال ........................ 69

كۆڭلى ئاغرىش ........................ 70

دېرىزىنىڭ يېنىدىن كەتتىم ........................ 72

يىراقتىكى گۈل ........................ 73

يارىم ماڭغان كۈن ........................ 74

ئەسلەش ........................ 75

دوستىنى ئۇزىتىش ........................ 76

بىپەرۋا ھايات ........................ 77

گۈل پەسلىگە كىرىش ........................ 78

سەھەردىكى تېلېفون ........................ 80

ل. مۇتەللىپنى ئەسلەش ........................ 82

مەن سۆيگەن ئەر ........................ 83

ئوتتىن ئاتلىغۇچى ئايال ........................ 85

مەخپىيەتلىك ........................ 87

قىزىم يىغلىدى ........................ 89

گۈلسارەنىڭ ھەسرىتى ........................ 90
يەكەنگە قايتىپ كەلدىم ........................ 91
كىچىدىكى بوران ........................ 93
قەبرىستانلىقتا قاراش ........................ 95
ھايات قەدىمى ........................ 97
ياز تۈنى ........................ 99
ياز ئاخىرى ياكى ياز بېشى ........................ 100
بۇزۇلغان ھاۋاغا قاراپ ........................ 102
يۈگۈرمەكتە ئالدىمدا كۈنلەر ........................ 104
گۈلسىز گىياھ ........................ 107
ھاياتقا يۈزلىنىش ........................ 108
كۆز ئىشىكى ........................ 109
تامغا قاراش ........................ 111
كېچىدىكى كۈلكە ئاۋازى ........................ 112
مۇنبەرنى قەلبىدە يورۇتقان ئىنسان(داستان) ........................ 114
ئايال دەرياسى(داستان) ........................ 120
ئۇنتۇلغان لەۋسۇرۇخ ........................ 127
مەن بۈگۈن يەتمىدىم يارنىڭ ھالىغا ........................ 129
مارت ئېيىدىكى ئۆرۈمچى ........................ 130
باھارنى كۈتۈش ........................ 131
سېغىنىش ........................ 132
بالا يىغلىدى ........................ 133
مەن باھارنىڭ قوينىغا كىردىم ........................ 134
قۇلۇلە بىلەن سىردىشىش ........................ 135
ئاقلىدىم ئۆزۈمنى يەنە بىر نۆۋەت ........................ 137
جەنۇبلۇق قىز ........................ 138
ھىجران ........................ 140
يامغۇرلۇق كۈن ........................ 141

ئاپرېلنى ئۇزىتىش ........................................ 142
رىزۋانگۈل بىلەن ئۇچرىشىش ........................................ 143
يارىمنىڭ تېلېفونى ........................................ 145
پۇشايمەن ........................................ 147
قىشتىكى قار ........................................ 148
گۈلبوستانغا ........................................ 150
سىقىلىش ........................................ 152
توي خاتىرە كۈنى ........................................ 154
ئامانەتنى تاپشۇرۇش ........................................ 156
كېچىدىكى مەن........................................ 157
مۇختەر بۇغراغا........................................ 158
بىر مىنۇتلۇق يول........................................ 159
بۆرە ئوشۇقى ئاسقان قىز........................................ 160
يەكەندىكى ئىككى بالا........................................ 161

# قەلبىمدىكى گۈللەرگە ......

**خالىدە ئىسرائىلغا**

بىر كۆيگە ئىلىنىشىپ قالدىغۇ يۈرەك،
بەزىدە ئازابلىق، بەزىدە شېرىن.
«ئىپە، هايات» قانىتى بوغۇلغان جايدا،
تىڭشاشقا ئاۋارە، ئەسلەش بەك شېرىن.

مەستخۇشلۇق چۆلگە تاشلانغۇسى بار،
دەھشەتلىك شۇ «رەڭدار قۇيۇن» نىڭ ئەۋجى.
يۈرىكى ئازابلىق دەردلىك «ئوربىتا»،
سۆيگۈدە بۇزۇلدى «قۇملۇقنىڭ چۆشى».

ئازغۇندۇر جىمى جان «تىمتاس شەھەر»دە.
«ئارمان »لار مۇرادسىز ئىزدەيدۇ داۋا.
«هاڭگىرت كۆلى»دە جورىسىز ئاققۇ،
ئۈمۈرلۈك ھىجرانغا بولدى مۇپتىلا.

مەزگىلسىز ياغقىنى «باهاردىكى قار»،
«ئۇ كۆزلەر»تەكتىگە يوللايدۇ ھەسرەت،
ۋە ليكىن بىر ئايال يۈرىكى ئوتلۇق.
ئىجاد ۋە مېھنەتتىن تامار مۇھەببەت،

«ئەڭ گۈزەل خاتىرە» ئەۋلادقا مىراس،
كۆچ بەردى ئۇ قايتا «مەختۇمسۇلا»غا.
ئانىلىق مېھرىڭىز سىڭگەن ئىجادلار،
تونۇتقاي ئۇيغۇرنى پۈتۈن دۇنياغا.

**ئايشەم ئەخمەتكە**

«باغداشنىڭ چېچىكى» ئېچىلغان كۈنى،
«ئۆچمەس ئىزلار» غا يول سالدى ئاۋام.
12 تاغ بۇندا كېلىپ لەرزىگە،
قۇمۇلدا قايتىدىن قىزىدى بايرام.

«مۇھەممەد بېشىرۋاڭ» زالىملىقىنى،
سۆيگۈ ھەم يوشۇرۇپ قالدى جىممىدە.
يوقالغان چېغىدا «قارا چامادان»،
ئېزىلدى يۈرەكلەر تۇرمۇش غېمىدە.

كۆرسەتتى ئەڭ ئېسىل، نۇرانە يولنى،
خانىم-قىز كۆركىگە يازغان رىسالە.
قۇمۇلنىڭ مۇقامى ياڭرىغىنىدا،
ئايشەمنى ئەسلەيدۇ ئۇلار ھامانە.

قۇمۇلنىڭ قوغۇنى قۇمۇل تۇپرىقى،
ھەربىر ئەسەردە ياشاردى بىردىن.
كىم دېسە «قۇمۇللۇق ئايال پالۋان» دەپ،
يۈرەكنى ياشارتىپ يۈرىمىز سىزدىن.

## تۇرسۇنئاي ھۆسەيىنگە

قەشقەرنىڭ باغرىدا چوغ بولۇپ يانغان،
ئىمانلىق ئايال سىز شېئىر بابىدا.
رەھمەتلىك قاھاركام بەرگەن ھېسسىيات،
«چىغىر يول» ھۆسنىگە ھازىرمۇ شەيدا.

«گۈلنىھال» سىز بىلەن تاپتى نىجاتلىق،
داستانلار ئەۋجىگە چۆكتىڭىز بىر پەس.
كۆپ يىللىق ئەجرىدىن چۈشەندۇق ئاخىر،
شېئىرغا يۈرەكتە لىپىلىقكەن ھەۋەس.

پەرزەنتكە بىر تاتلىق «كىم ئەيىبلىك» دەپ،
ئانىلىق مېھرىدە قويۇپسىز سوئال.
بالىلار قەلبىدە «ئامانىنسا» مۇ،
ئەڭ ئالىي ھۆرمەتكە ئېرىشتى دەرھال.

تولۇپتۇ بېغىڭىز «جىنەستە» لەرگە،
ئىجادتىن بىر ئۆمۈر گۆھەر قېزىپسىز.
«بۇلبۇللار ناۋاسى» سىزگىلا تالىق،
گۈللەرگە پۈركەنسۇن باسقان ئىزىڭىز.

## مۇنىرە غوپۇرغا

يۈرىكىم بەرگىدەك قىزىل ئەتىرگۈل،
سۇنغۇم بار مېھرىڭگە جېنىم قەدىردان.

سەن بەردىڭ ئەمەسمۇ ئۈيغۇر قەلبىگە،
ئېكراندىن ئەڭ يارقىن ئوتلۇق ھاياجان.

يۇرەككە يېقىنسەن، تولىمۇ يېقىن،
ئارمانلار لاۋۇلدار لاتاپىتىڭگە.
خەۋەرگە جان بەردىڭ، ئىسسىق تەبەسسۇم،
تاڭ كەبى سۆيۈملۈك شېرىن ئۈنۈڭدە.

تۇغۇلدى سەن بىلەن «سەنئەت ئالبومى»،
ھەربىر دىل كۆكىگە ياندۇرۇپ يالقۇن.
ھېيت-بايرام «گۈلدەستە» چاقناتقىنىدا،
قايىللىق قەدرىڭگە كۆتۈردى دولقۇن.

نادىر بوپ تۇغۇلدى ساناقسىز چولپان،
«تەڭرىتاغ گۈلزارى» گۈلزارلىقىدا.
«مۇنىرە»، نەقەدەر سۆيۈملۈك ئىسىم،
ئانىلار قىزىغا ئاتىدى ھەتتا.

قىرىق گۈل قېتىدىن چاقنىدىڭ نۇردەك،
دوستلۇقنىڭ رىشتىنى چىڭىتىپ جىمجىت.
ئۈمىدكە ئىنتىلگەن قايناق كۈيۈڭگە،
يېقىنلاپ بارماقتا ئەڭ ئۇلۇغ بەخت.

يۈرىكىم بەرگىدە قىزىل ئەتىرگۈل،
سۇنغۇم بار مېھرىڭگە جېنىم قەدىردان.

گۈل ئاچقۇز توختىماي ئۇيغۇر قەلبىدە،
گۈللىسۇن سەن بىلەن مۇقەددەس ئارمان.

**رىزۋانگۈل يۈسۈپكە**

دۇنيا قىسمىتىگە ئۇرغانچە خەنجەر،
يەكەننىڭ تېنىگە قوشۇپ ھاياجان.
مۇقامنىڭ باغرىغا ئۈندى بىر تال گۈل،
نەپىسلىك، گۈزەللىك ئۇنىڭدا ئايان.

«جىگدىلەر چېچىكى» باھار رەڭلىك گۈل،
ئۇيغۇرنىڭ قەلبىگە ئوت سالدى بىر رەت.
«ئۇپۇقنىڭ جىلۋىسى»دە يانغاندا خىيال،
«يۈرەك» كە ئامانلىق بەردى بىر نۆۋەت.

«ئاق كەپتەر» قانىتى كۆيدى گۈررىدە،
ۋە لېكىن كۆيمىدى، سۆيگۈ، ئەقىدە.
«سەۋرچان» ئۈمىدلەر دەردكە چىلىشىپ،
«قىزارغان سەھرا»دا بولدى رەسىدە.

جىمجىتلىق، «شەبنەم»گە بەردى كۆپ تاقەت،
«سىرلىق بىر ئالما»غا مەپتۇن بولدى گۈل.
«ئىزنىتقۇ» ئالدىدا ئازماي قىلچىمۇ،
ئاخىرى ئۆزىگە تاپتى پارلاق يول.

زېمىننىڭ باغرىغا ئۈندى بىر تال گۈل،
ئۇ بارچە ئۇيغۇرغا چاچتى خۇش پۇراق.

ھېكايە ئاشقى دەردلىك يۈرەكلەر،
جىمجىتلا ئۆنىڭغا بوپ قالدى ئامراق.

## چىمەنگۈل ئاۋۇتقا

يۈرىكىدە لىققىدىلا ئوت،
«شېئىر يېزىپ ئولتۇرار بىر گۈل»،
مەردانىلىك، جۇشقۇنلۇقىغا،
ئاستا-ئاستا جاي بەردى كۆڭۈل.

بىر قولىدا «قىساس غۇنچىسى»،
ئەرلەر بىلەن تەڭ تۇردى سەپتە،
ئاچچىق-چۈچۈك مىسرالىرىغا،
مەپتۇن بولدى ئۇيغۇر ھەۋەستە.

ئەنئەنىنىڭ پەردىسىن يىرتىپ،
«تەنۈر چېقىن» چاقتى بىر لەھزە.
قىز ئىكەن ئۇ — ئەركەك يۈرەكلىك،
شېئىر بىلەن بولدى رەسىدە.

نىمجان روھقا تىغ ئۇردى ئاچچىق،
سۆيگۈ يېشى ئۇنىڭ ئۈچۈن يات.
شېئىر ئۈچۈن ئېرىدى يۈرەك،
شېئىر بىلەن چىقاردى قانات.

## نۇرئامىنەم ئەخەتكە

«سىرىق ئىشىك» چېكىلدى تاك-تاك،
شېئىر سوراپ كىردىڭ مۇلايىم.

«دار ئالدىدا كۆلۈش»كە كۆنۈپ،
ئۇماق سۆيگۈ تاراتتىڭ دائىم.

«ئىسكىلىت» نىڭ باغرىدا خەنجەر،
«جاراھەتنىڭ چېچىكى» مەسۇم.
«خىيانەت»كە پاتسمۇ كۆڭۈل،
سوۋغا قىلدىڭ ئۇتلۇق تەبەسسۇم.

ھايات سېنى سۆيەلمىسمۇ،
سەن ھاياتنى سۆيدۇڭ باخاشلاپ.
يەتتە قىزنىڭ تۇرمۇش غېمىنى،
«نۇزۇك» كەبى ماڭدىڭ ھاپاشلاپ.

ئازاب سېنى يېتىلگەن كېچە،
دەرد پىغانىڭ سارغايتتى ياپراق.
بىر شېئىردا تۇغۇپ بىر باھار،
پەرۋىشلىدىڭ ئۇزاق بەك ئۇزاق.

«ئۇستاز قەلبى» سەندىكى قەلب،
«ئۆلۈم» تەتۈر ماڭار يولۇڭغا.
«ئانا» ئۇچۇن توقۇغان داستان،
دەرد بەرمىگەي ئىشچان قولۇڭغا.

(قوش تىرناق ئىچىگە ئېلىنغانلىرى شۇ ئاپتورلارنىڭ ئەسەرلىرىنىڭ ياكى كىتابىنىڭ نامى)

# پۇت ئاغرىقى

پۇت ئاغرىقى ئازابلىق ئەمەس ،
سەن ئۇنىڭغا موھتاج بولغاندا.

زېرىكىشنىڭ كۈيى تۆكۈلەر ،
سەككىز سائەت خىزمەت ئىچىگە .
تەكرارلىقتا كۆنگەن پۇتۇڭدا،
سىغدىلىسەن، ھارغىن كېچىگە.

تۇيۇقسىزدىن كەلمەيدۇ ماڭغۇڭ،
بىكار يوللار قىستىغىنىدا.
ئامالسىزلىق، ئېھ ئامالسىزلىق.
پۇت ئاغرىقىغا قىلار مۇپتىلا.

سېغىنىسەن كىمدۇر بىرسىنى،
كەلمەس لېكىن بىر قېتىم يوقلاپ.
ئاغرىپ قالسا ناۋادا پۇتۇڭ،
ئۇ كېلىدۇ ساڭىلا قاراپ.

دوستلۇق قەدرى سىنىلار تېزلا،
گۈل ئۇ پەقەت كۆڭۈللا ئەمەس.
پەشتاقلاردا يۆلىگەن قولغا،
تىكىلىسەن يۈرەكتە ھەۋەس.


سېنى بىرسى كېلەر كۆرگىلى،
ئۇ ئايانى تىللايدۇ راسا،
قاراڭغۇغا ئارتار سەۋەبنى،
پۇتتا تۇرسا ئەسلىدە گۇناھ.

پۇت ئاغرىقى ئازابلىق ئەمەس،
سەن ئۇنىڭغا بولغاندا موھتاج.

ئاغرىقىڭنىڭ خەۋىرى بارار،
ئۇنتۇلغانلار قۇلاقلىرىغا.
«ۋاي ئۇ ماڭالماي قاپتۇ،
ۋاي ئىسىت،
ئويۇنلاردىن ئۇ مەھرۇم بوپتۇ،
يوقلاپ قويايلى،
مۇڭدىشىپ كېلەيلى!»
قەدرىڭگە يېتىدۇ يېقىنلىرىڭمۇ،
ھۆرمىتىڭ بىلىنەر دوسلىرىڭغىمۇ.
«ئانا،ئانا»
مۇلايىم توۋلاپ،
پۇتلىرىڭنى تۇخۇمدا ئۇۋۇلار،
ياش قىيانى پۇت ئۈچۈن ئەمەس،
مۇھەببەتتە يۈرەك ئېچىلار......

پۇت ئاغرىقى ئازابلىق ئەمەس،
سەن ئۇنىڭغا بولغاندا موھتاج.

ئاغرىسا دەيسەن،
لەۋلىرىڭنى ئاستا چىشلەيسەن.
يېقىنلىققا بولغاندا موھتاج،
پۇت ئاغرىقى ئۇچۇن غەم يەيسەن....



# ھامىلدار بولۇش

دۇنيا لەززىتى قەدرىمگە كۆچتى،
سۆيگۈنىڭ داۋامى بىخلاندى ئاستا.
مىڭ چۇقان كۆتۈرۈلۈپ ھايات لەرزىگە،
ئانىلىق كۈيىگە پۈركەندى ساما.

ئەڭ گۈزەل ئايالغا ئايلاندىم بۈگۈن،
جىمى كۆز ھەۋىسى چېھرىمدە ئايان.
نىكاھىنىڭ مېھرىگە مەھكەم باغلىنىپ،
پەرزەنت يۈرىكىمدە ياسىدى قىيان.

كۆيۈنۈش ئىشىكى مەن ئۈچۈن ئوچۇق،
سەمىمىي كۆزلەردە سەمىمىي تىلەك.
ئەتىكى ئۈمىدتىن كۆيدۈم لاۋۇلداپ،
ۋىسال مۇشاقىتىگە يولدىشىم يۆلەك.




# توغراق چۈشى

سالقىن سايە، ئالتۇن ياپراقلار،
كۆز ھۆسنىگە بەكمۇ ياراشقان.
قۇم دېڭىزى قۇتراشلىرىغا،
شاخ تاشلىغان قويۇق باراقسان.

قۇلىقىدا ئېسىل قوڭغۇراق،
ئۆتەڭ ياساپ ئۆتكەندە كارۋان.
ئالۋۇنلاردىن ئېلىپ مېھىر قۇت،
شەبنەملەردىن ئاسقانتى مارجان.

ماڭا تونۇش پادىچى كۆيى،
ئەسلىمىگە ئايلاندى قايتا.
قۇرۇغاندا چۈش ئېقىنلىرى،
قالدى ھەسرەت قۇرۇغان شاختا.




# ھىجران تۈنى

ھىجران ئوتى چېقىلماقتا روھىمغا،
قەلبىم بىلەن ئوينىشىدۇ بىر ھەسرەت.
ئۆتمۈشۈمنىڭ يوللىرىدا قىزىل قان،
سېغىنىشقا چىلىشىدۇ تائەبەد.

سۆيۈلۈشنىڭ ئېسى كەچتى يوللارنى،
قورۇلغان گۈل بەرگىگىمۇ ئىلىنىپ.
تاقەت يىرتتى ياقىسىنى كېچىنىڭ،
قالدى ئەجەب يالغۇزلۇقۇم بىلىنىپ.

كېچە سۈكۈت دېرىزىدىن مارايدۇ،
يۇلتۇزلارنىڭ مۇھەببەتلىك كۆزىدە،
ھىجران ئەزگەن ئەڭ ئاخىرقى دەقىقە،
كۈي كۈيلىدى ياش قىيانى جىممىدە.



# ئۆلۈم

ئۆلۈمنىڭ خەۋىرى كەلگەن دەقىقە،
چارشەنبە ئۇپىقى بويالدى قانغا.
ناتىۋان كۆزلەردە دەريا شاۋقۇنى،
بىر پىچاق سانجىلدى يۈرەككە جانغا.

ياخشىمۇ، يامانمۇ تۈگىدى ھەممە،
ھەسرەتنىڭ بىسىدا ئاچچىق ئۆكۈنۈش.
تەقدىرنىڭ قولىدا گۇناھ تىۋىشى،
مەڭگۈلۈك تۇيۇلدى ئاخىرقى كۈلۈش.

ياش باغرى گۈلخاندەك كۆيدى لاۋۇلداپ،
مۇھەببەت كىرىچى تارتىلدى بەك-بەك.
قەدىرگە ئېچىلدى قەلبىنىڭ يولى،
شۇ دەقىق تەن تىترەك،
زېمىندا تىترەك.



# ھېيت كۈنى

ھېيت ناغرىسى چېلىنماقتا روھلارغا،
ئەسلەش كېرەك كەتكەنلەرنى بۇ سائەت.
ئۆي-ئۆيلەردە چېچەك ئېچىپ ساگۇزىلار،
يۇيۇلىدۇ ئەڭ ئاخىرقى ئاداۋەت.

سەبىيلەرگە سېخىي بۇگۈن بارچە قول،
شانلىق مەۋجى قۇچاق ئاچار يوللارغا.
ئۇيغۇر بولۇپ بارچە ئۇيغۇر بۇ كۈنى،
بەك يېقىنلىق پەيدا قىلار دىللاردا.

بىلىندۇ دوستلۇق قەدرى بەكمۇ بەك،
يوقلىماسقا كۆڭۈل ھەرگىز قويمايدۇ.
دېكابىردا ھېيت پەتنىسى بەك قىزىق،
چىرايلاردا باھار ئۇسسۇل ئوينايدۇ.



## زېرىكىش

ئىشخانا، جىمجىتلىق بۇزۇلار پات-پات،
ئىشىكنىڭ نالىسى تېگەر يۈرەككە.
دوستلارمۇ كىرمىدى ئۇزىدى ھىجران،
ئارمانلار قوپقۇرۇق يەتمەي تىلەككە.

تاپشۇرۇق دۆۋىسى ھارغىن ئۇھسىنار،
ۋاقىتقا بوي بەرمەي ئۆتۈلەر دەرس.
پىلانمۇ «تۇز» دەيدۇ، خەتمۇ ھەم «يازغىن»،
رەسمىيەت ئىشقىدا كۆيمەكتە ھەۋەس.

خىزمەتنىڭ ھەيۋىسى، ۋەھىمىسىدە،
مەجبۇرىي كۈلىدۇ ئىشخانا، سىنىپ.
ئۆتىمەي نەئىلاج ئاياللىق بۇرچىنى،
چاقىرسا بىر ئىللىق، پەرزەنت ئىز بېسىپ.


تولىمۇ بىمەنە ئۆتكەندەك كۈنلەر،
ئېچىشار ئەدىگەن يۈرەك يارىسى.
ھاياتقا يەنىلا ماڭدىم يۈزلىنىپ،
بۇ ساختا ياشاشنىڭ باردەك چارىسى.

# ئۈمىد

باسماقتا كۆكۈلنى ئالەمچە غەپلەت،
يات سىزىم سىگمەكتە مۇزدەك يۇرەككە.
غىربىلىق قىينىقى نەقەدەر دەھشەت،
ۋاقىتنىڭ يامغۇرىغا كۆمۈلدى ھەپتە.

ئۈمىدنىڭ تارىسى ئۈزۈلەر رەت-رەت،
زىرىكىش قولىرى سوزۇلدى تۇندەك.
بىپەرۋا روھلارنى ئويىنىتار ھامان،
مېھرمۇ توزۇدى كۆزدىكى گۈلدەك.

يات شەھەر يەنىلا تەمكىن، خىرامان،
ئادەملەر ئويۇنغا تۇرار چىلىشىپ،
بىراۋنىڭ قەلبىدە ئالەمچە تەشۋىش،
سىغىنىش ئىلكىدە كەتمەكتە ئېرىپ.



# يات شەھەر

قايناق كوچا،
ئادەملىرى لېكىن بىپەرۋا،
ناتونۇش كۆزلەر،
قارىمايلا كېتىدۇ،
چاقىرىدۇ تونۇشتەك بىرسى،
قارىساڭ،
مال ساتقۇچى ئىكەن ئەسلىدە،
ئۇ تونۇيدۇ پەقەتلا پۇلنى،
ئۇچراپ قالسا دەيمەن تونۇشلار،
تاماقلىرى تەمسىزدەك،
خىيالىڭنى كېچىدۇ ئۆيۈڭ.

يات شەھەر،
يوللىرى، قۇرۇلۇشى تاش شەھەر.
غېرىبلىققا باشلايدۇ سېنى ........



# قەشقەر قىزى

ئىپارخان پۇرىقى تارالغان تەنگە،
شوخلۇقنىڭ بىسىدا ئۇينار ھاياجان.
چېھرلەر بەرگىدە تاتلىق ھاياجان،
ئەڭ قىزغىن تىلەكنى سۇنىدۇ پىنھان.

قەشقەرنىڭ باغرىدا ساناقسىز يۈرەك،
ئاناردەك چاقنايدۇ لالەرەڭ ۋىسال.
نۇرۇڭۇم قالدۇرغان قەھرىمانلىقنىڭ،
داۋامى ئەقىلنى ئەيلىمەكتە لال.

ئوتتۇر ئۇ يىگىتلەر يۈرىكىدىكى،
گۈللىگەن ئىشقىدا سانسىز باياۋان.
مېھنەتكە ئەل بولدى جىمىكى مېھرى،
توقۇشچۇن ھاياتتا ئەڭ لىرىك داستان.



# كۆيۈك شەھەر

غەلىتە چاچلاردا ئويۇنايدۇ شەھۋەت،
يالىڭاچ بەدەندە ئەسەبىي ئىستەك.
جىمجىتلىق قاپلىغان كىتابخانىنى،
يوقلايدۇ پەقەتلا بىر-ئىككى ئەركەك.

رېستوران باغرىدا غەمكىن ئاياللار،
تىڭىنى غاجايدۇ ئۆلگەن مۇزىكا.
بىر زامان غۇرۇرنىڭ ماكانى ئۆيدە،
بىئەجىر ناينالقلار ياسىغان ئۇۋا.

چەيلەنگەن ئەقىدە ئىڭرايدۇ نىمجان،
گۆدەكلەر قەلبىدە ئالەمچە تەشۋىش.
جەڭلەردە ئەركەك دەپ ئاتالغان ئەرلەر،
بىقەدىر سۈكۈتكە چۆككەن چارىسىز.

چۆمپەردە ئىچىدىن يىغلىغان قىزغا،
مۇھەببەت پەقەتلا پەقەت ناتونۇش.
زامانغا باقمىغان خۇراپىي دادا،
بىر ئايال باغرىغا ياغدۇرىدۇ مۇش.

گۇرۇلدەپ كۆيىدۇ ھىجراندا يۈرەك،
سەممىي مۇھەببەت ئىزدەيدۇ ۋىسال.
ئاچچىق ئىس قاپلىغان شەھەر بېتىدە،
قەدىمىي ھاياجان تىترەر بىماجال.

# يامانسۇدا

«سوغۇق سۇمۇ كۅيدۉرىدىكەن»...
راست دەپتىكەن شائىر تېيىپچان،
يامانسۇنۇڭ سۇلىرى ئىچرە،
چەكسىز ئوتتا كۅيدى ھاياجان.

يېشىل بەلۋاغ ئورىغان ئېقىن،
دوستلۇق ئۉچۉن كۉي قاتتى ئۇزاق.
بالىلىقمۇ ياكى چۉش خىيال،
مەستخۇشلاندى قىرغاقتا قىياق.

يامانسۇغا لىق تولدى كۉلكە،
يىراقلاردا جىمجىتلىق ھەيران.
تەبىئەتكە پاتمىغاندەكلا،
قەلبلەردە شوخشىدى قىيان.



# ئۇچتۇرپان

شەبنەمدەك يالتىرايدۇ يېشىللىق،
جىغانلار باغرىدا سۈزۈك كۆز ياش.
بىپايان چىمەنلەردە نازۇكلۇق،
يەتتە قىز باتۇرلۇقى تاغلارغا مىراس.

يۈرەك ئەمەس
قانمىغان ئارمان
موللا شاكىر ياشىغان زامان،
چەكسىزلىككە يۈزلەنگەن.
بۈگۈن
بىر مويسىپىت ياشلىقى يامان.
گۈپۈلدەپ سوقىدۇ شۇلار يۈرىكى،
ئېرىقلاردا تاشقىن قىيان،
بىر قەدىمىيلىك
بۇلاقلاردىن بۇلدۇقلار پىنهان.
ياق! قايىنمايدۇ ئىلگىرىكى بۇلاق،
كۆز تەگكەنمۇ سۈنئىي ئورماندىن
پەقەت
رەت-رەت مەھەللىلەردىن
تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ ئىشچانلىق.
ئۆزۈكنىڭ كۆزىگە ئايلانغان،
گۈزەللىكتە ئورناشتى يۈرەكنىڭ قات-قېتىغا،
يەتتە يېزىلىق ئۇچتۇرپان.

## قانمىدىم

ئوتتۇزلارغا ئۇلاشقان مۇساپەم بىلەن،
ھاياتقا كىرىلىپ يۇردۇم بىمەنە.
سۆيسەممۇ ۋاقىتنىڭ سوۋغاتلىرىنى،
قانمىدىم سۆيۈلۈش بەختىگە يەنە.

بىھۇدە ئازابلار قىينار خىرامان،
رازىلىق بەرگۈم يوق ئۆتمۈشكە ئەسلا.
بىر سوغۇق يالتىراش «بەخت» دېگەن سۆز،
سۈكۈتتە تېپىرلار يۈرىكىم قايتا.

سەبىي قىز، كېپىنەك، يامغۇرلۇق كۈنلەر،
چۈشىسمان يىراقتا پۇلاڭلىتار قول.
مەنزىلسىز ئۇزاقتا ھارغىن قەدەمدە،
تۇرمۇشتا بارمىكىن يېقىنغىنا يول.

تەشنالىق ئەۋجىگە قىستالدى بۇ جان.
ئوتتەك بىر قىزغىنلىق كۆيسە باغرىمدا.
ھاياتقا لىق تولغان كۆز ياشلار بىلەن،
يۇيۇلۇپ ئۆتەرمۇ بىر رەت بۇ دۇنيا.

# باھار لىرىكىسى

## 1

يالڭاچلىقتىن ئۈيىلىپ،
يېشىل كىيىم كەيمەكتە دەرەخ.
ياشلىق قىلغۇسى كېلىپ،
ئالما، ئۆرۈك، شاپتۇل نوتىسى،
قىسىۋاپتۇ ئاق ھال رەڭ چېچەك.

باھار،
ئاستا-ئاستا
ئېچىلماقتا بىر تۇتام گۈلدەك
كىمنىڭمۇ
چىللىغۇسى كەلمەس باھارنى،
سىدام قارسىز قىشنىڭ كۆنىگە.
ھېچكىم
تووۋلىمايدۇ «باھار كەلدى» دەپ،
تۇرنىلارنىڭ غاقىلداشلىرى،
پاختەكلەرنىڭ گۇگۇلداشلىرى،
قارلىغاچنىڭ ئۇتلۇق سايرىشى،
ھەممە، ھەممىسى
باھار ئاۋازى.
يېنىكلىدى تەنلەر
سىلىنغاچقا ئېغىر كىيىملەر.

ئېتىزلىقتا كۆرۈنەر دېھقان،
ئۈمىد بىلەن تىلغاپ يەرلەرنى.
يىگىتلەرنىڭ يۈركىدە ئوت،
پايلاپ يۈرەر ئايدىڭ كەچلەرنى.
قىزلار،
ئەجەب سەزگۈر مارت ئايلىرىدا،
سېغىنىدۇ جىگدە چېچىكى.

## 2

ئۈنتۇلدۇرغان باھارنى
قىشتىمۇ
پارىنىكلاردا ئۈسكەن كۆكتاتلار.
يەشىكلەردە پىشقان مېۋىلەر،
سۈنئىي گۈل-چېچەك،
بولغاچقىلا ھەقىقىي گۈلدەك
بولمىسىمۇ خۇشبۇي ھىدلىرى
ئەتىرگۈلگە زورلىشىپ ئۈنى
ئويلىمىدى شەھەر باھارنى.
ئەمما، بالدۇر قۇچاقلايدۇ كۆكلەمنى،
كوچىدىكى زىننەت دەرىخى.
نازۇك چىملار،
تۇيمايلا قالار
يېشىللىققا چۆمگەنلىكىنى.
تېلېۋىزوردا
«مەرھابا نورۇز»

سەنئەت كىچىلىكى بىرىلگەندىلا
كىشىلەر
ئەسكە ئالار باھارنى،
لەگلەكسىز كۆنگەن باللار
پەقەت
سىمونتلۇق تار كوچىلاردا
ئات ئىتىدۇ تال چىۋىقلارنى.
ھەيدىمەكچى بولغاندەك قىشنى،
ياكى،
ئىلىپ كەلمەكچىدەك
يىراق، يىراقلاردىن باھارنى.

3

قۇرغاق زېمىن
چۈشلىرىدە يازنى كۈيلەيدۇ
ئەگىز بولۇپ ئاققاندا يېشى،
دىمىغىغا گۈللەر پۇرايدۇ.

ئەتىيازنىڭ قوللىرىدا
ياسانماقتا كائىنات،
ئادەملەر كەبى......

# ساۋاقداشلار ئۈچرىششى


ئۆتمۈش بىلەن ئۇچراشتى بۈگۈن،
قول تۇتۇشۇپ كەلدى باللار.
ياق،
بىزدىن قالغان ئۇدۇم ئېھتىمال،
بالىمىزغا قاپتۇ چاللىق.

ئېچىلمىغان غۇنچە قالماپتۇ،
قۇچىقىمىز بەختلەرگە لىق.
ئوتتۇز ياشتىن ھالقىغان كۆڭۈل،
ئېھ، ئەينەكلىك قاچىدا بىلىق.

غايە يەنە تىرىشچانلىقلار،
ئەڭ شېرىن چۈش، شېرىن چۈش بۈگۈن.
بالا، ئەرنىڭ غېمى بىلەنلا،
بىر موردىن چىقىدۇ تۈتۈن.

ھالقىپ چىقىش ئۇ بىر جىنايەت،
باللارنى ئەيلەش خارابە.
ئۆلگۈرەلمەي قالغان مودىغا،
ھەركىم ئاستا ئىزدەر باھانە.

ئون تۆت يىللىق قىزغىن ئىنتىلىش،
ئېقىپ كىردى يۈرەككە ئاستا،
جەم بولۇشنىڭ لەززىتى ئېغىر،
تۈگىمەيدۇ، ئۇ بىر پەستىلا......



# شېئىردەك كۆندۈز

شېئىردەك كۆندۈز،
جىلۋىلىنەمەكتە روھىمىزدا.
ھەر مىسراسى شادلىققا پايخان،
ھەر بىر مىسراسى ھەسرەتكە تولغان،
ھەر مىسراسى گۈللەر ئەۋجىدە،
تەۋرەنمەكتە چىرىلىق ھىجران.

ئەنە بىر قىز كېتىپ بارىدۇ،
شۇنچە مۇڭلۇق كوچىسى بىلەن.
يىگىت دەسسەپ شەمشەر بىسىغا،
تىرىكچىلىككە چۆكمەكتە تېرەن.


بىر شېرىنلىك ئاقماقتا نۇردىن،
قات-قېتىدىن ئاپتاپ پۇرايدۇ.
ئالدىراشلىق ئاراچلىرىغا
شېئىردەك كۆندۈز،
بەكمۇ تاتلىق سالام يوللايدۇ.

شېئىر سۆيۈملۈك
دىلغا يارايدۇ،
كۆندۈز بەك ئىللىق باھار پۇرايدۇ.

شېئىردەك كۆندۈز،
تىرىكچىلىكنىڭ ماكانى كۆندۈز،

كېچە باغرىغا،
بەك چىرايلىق ھارغىنلىق بىلەن،
شېرىن-شېرىن، ئېسىل چۈشلەرنى،
يوللىغان كۈندۈز.

ئاشكارىدۇر جىمى جان، ھەرىكەت،
ياغار ھەرىكەت، زېمىنغا بەرىكەت.
ئۇلۇغلۇقتا بەرىكەت مۇھەببەت،
شېئىر كۈندۈزگە،
كۈندۈز شېئىرغا
ئايلانماقتا ئاقىۋەت.



# ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار، ھەقىقىي ئايال

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئۇزۇن ئۆرۈم چاچلىرىم بىلەن
چىمەن دوپپا كىيسەم چىرايلىق،
ئامانىساخان، نۇزۇگۇم،
رابىيەلەر كىيگەن كىيىمنى
كىيىپ باقسام ئۇيغۇرغا لايىق.
جىلۋىلەنسە ئوسما قېشىمدا،
يېلىم ئوماق كۈلسە چېچىمدا،
چاچ تەڭگىلەر جىرىڭلاتسام،
نازاكەتلىك سۆزلەر ئاچسام،
قوشاقلار تۆكۈلسە لېۋىمدىن،
داستانلار پۈتۈلسە تىلىمدىن.
تەھسىل قىلسام قانغۇچە ئىلىم،
مۇزىكىغا لىق تولسا دىلىم.
تارىخ بىلەن چىڭ چىرمىشىپ،
تاپمىسام مەڭگۈ تىنىم.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

تاختا-نوغۇچ كۈلسە مەن بىلەن،
قازان-قومۇچ كۈلسە مەن بىلەن،
تەملىك بولۇپ ئوخشىسا تاماق،
ئوماققىنا باللىرىمنى ئەگەشتۈرۈپ،

مەيلى ئىدى، چامغۇر يۇلسامىمۇ.
تۇزۇم كەملىسا،
قوشنىلاردىن سورىسام ئازراق.
ھەققىگە
سۇنۇپ بەرسەم بىر قاچا تاماق.
ھورى. كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئاش.
ئىللىققىنا بولغانچە ئاداش،
«ئايالىم ئەجەب كۆيۈمچان » دەپ
ئېرىم قەلبىنى كۆيدۈرسە،
مەيلى ئىدى،
جاپالاردىن تۆكسەم ياش.
«ئانا ئاش،
ئانا ئاش....»
«تۇزى سەل كەم،
تېتىپتۇ ئوتياش».
ئېھ، سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك
سۆزلەر،
ئايالىقىمنى تونۇتقان سۆزلەر.
مۇھەببەتكە باشلىغان سۆزلەر
يۈرەكلەرنى ياشناتقان سۆزلەر ...

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئوغۇز سۈتى بىلەن ئوغلۇمنى،
كۈچ-قۇۋۋەتكە تولدۇرۇش راھەت،
تامشىپ-تامشىپ ئەمسە سۈتۈمنى،
ساپ-ساق ئىككى يىل،

ئۇ مەن ئۈچۈن بەخت ھەم ئامەت.
ئانا سۈتى ئۇلۇغ مۇقەددەس،
ئۇ بالىنى قىلار زەبەردەس.
ئانا ئۈچۈن بالا ئېمىتىش
ئۇ بىر پەرز، ئۇ بىر پەرز بەس!...
پەرزلەرنىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر،
ئۇ پەرزەنتنىڭ ھەققى — دەۋاسى.
پەرزەنت بىلەن ئاتىلار «ئانا»،
«ئانا ئۇلۇغ ئىنسان رەناسى».
ئاق سۈت ھالال، ھالال سۈتۈمدە،
ئەقىل بەرسەم، كۈچ-قۇۋۋەت بەرسەم،
ئەدەپ-ئەخلاق ئۇرۇقلىرىنى،
ئاق سۈت بىلەن قەلبىگە تەرسەم،
قىزىم بولسا شەرم-ھايالىق،
ئوغلۇم بولسا، باتۇر، مەنالىق،
«ئانا » دېگەن سۆزگە مۇناسىپ،
بولالىسام چىقاتتى ھاردۇق.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

چولپان بىلەن بەسلىشىپ،
سەھەر تۇرسام بەك سەھەر،
ھويلا-ئارام، ئۆيلەرنى،
تازىلىسام تېز-چەپەر.
تەييارلىسام قىزىق چاي،
ئىچسەك بىللە ئولتۇرۇپ،
قوپالمىسا بالىلىرىم،
ئويغاتسام مەن كۆلدۈرۈپ،

گەر چىقمىسا دادىسى،
ئويغىنالماي ئۇيقۇدىن،
ئاستا كىرسەم يېنىغا،
پىچىرلىسا بەك شېرىن:
«تاڭ ئاتمىسا يېنىمدا
ئۇخلىساڭ ئەي ئامرىقىم،
سەھەر تۇرۇپ بوگونمۇ،
ئىشلەپسەن-دە بىتىنىم.
جاپا تارتتىڭ بىز ئۈچۈن،
رەنجىمىگىن قىلچىمۇ،
مانا هازىر چىقىمەن،
سوۋغۇغىچە چېيىمۇ».
جاپا نېمە بىلىنمەس،
يۈرەك تولۇپ سۆيگۈگە،
ئىشقا ماڭسا ھەممىسى
ئۇزاتسام مەن ئىشىكتە.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقىي ئايال.

ئاي كۆلگەندە ئاسماندا،
چۆچەكلىرىم باشلانسا،
يۇلتۇزلارنىڭ سىرىغا،
پەرزەنتلىرىم ئاتلانسا،
ئۇچۇپ كەلسە پەرىشتە،
بەخت گۈلى تەرگىلى،
«ئالتۇن كەش» نى قىزىمىز،
ئېلىپ قاچسا كىيگىلى،

يەنە «ئا، ب، س» نىمۇ
ئۆگەتسەمكەن ھەر كۈنى،
ھېساب، تارىخ، تەبىئەت
بىلسە مەندىن كۈن- تۈنى.
بولۇپ ئۆيدە مۇئەللىم،
بىلمىگەننى بىلدۈرسەم،
بىلىم-ئەقىل گۈلىنى
يۈرىكىگە ئۈندۈرسەم.
تولسا ئىللىق ئۆيىمىز،
خۇشال، قايناق كۈلكىگە،
دادىسىمۇ بەختنى،
تىزسا قەلب تۆرىگە،
قاتار چاينىڭ مېھرىدىن،
كېچەلىسەك ئىككىمىز.
ئىشىك ئوچۇق، خاتىرجەم
كىرسە ئۆيگە بالىمىز.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
ھەقىقي ئايال.

ئايال بولۇپ ياشاپ باققۇم بار،
مۇھەببەتكە مەگز ياققۇم بار،
يۈرىكىمنى بېرىپ ئۆزۈمگە،
سۆيگۈدىن كۆپ مېغىز چاققۇم بار.
«ئانا» بولسام ئانىغا لايىق،
«ئايال» بولسام نازۇك زىبالىق،
خىزمىتىمدە قازىنىپ ئۇتۇق،

شان-شەرەپكە ئېرىشسەم لايىق.
قوغلاشمىسام خىيالىي ئامەت،
رېئاللىقتا يۈرسەم داۋامەت،
مەنە ئىزدەپ ھايات يولىدىن،
جاپالارغا يوللىسام تاقەت.
ۋاقىت مېنى قوغلىسا تىنماي،
ئۆتسەم يىللار باغرىغا قانماي،
لۇتپۇللادەك ئەتىكى كۈنگە،
ئىرادىنى ئاتسام تالاي.
تىرىشچانلىق قېيىقلىرىغا،
پەرزەنتىمنى بىللە چىقارسام،
پەزىلىتىم ۋىجدانىم بىلەن،
ئاھ، ئۇلارنىڭ
يۈرىكىدە قايتا ياشارسام.



# باھارنامە


بىپايان زېمىنغا
ئۇرغۇپ تۇرغان قانلىرىم بىلەن
يازماقتىمەن ئەڭ قايناق شېئىر.
كۆيلەيمەن ئۇندا
باھاردىكى گۈل-چېچەكلەرنى،
تاغ-دالانىڭ ئويغانغىنىنى
ھەم مەڭگۈگە ئۇنتۇلماس
باھاردىكى تۇنجى سۆيگۈنى.

ۋەتەن،
مەن سېنىڭ يېقىملىق باغرىڭدا،
كۆيلەيمەن
يۈرىكىمنى ئەللىتقان
ئالتۇن قۇياشلىق باھارنى.
مۇنبەت تۇپراق
ئەڭ سەممىي لەۋلىرىم كەبى
يۇمران-يۇمران بىخلىرى بىلەن
ئېيتماقتىدۇر تىلەكلىرىمنى.
ئېيتماقتىدۇر
كۈن ۋە تۈننىڭ تەڭشەلگەن كۈنى،
ئەڭ يېقىملىق كەچۈرمىشىمنى.

تەشنا بولغان باھارغا
سانسىز قەلب گىرۋەكلىرىگە
تۆكمەكتىدۇر تەسەللى يېشى.
جەنۇب قۇشلىرى،
قايتىپ كەلدى يەنە يۇرتىسراپ،
ئەگىزلەرمۇ ئاقتى تالاي رەت.
مەنمۇ
سىرغىپ چىقىپ تامچە يامغۇردىن
باھار كەبى قايتا ياشىرىپ
ۋەتىنىمنىڭ
شادلىققا تولغان سېيماسىدىن
تېپىۋالدىم
سۆيگۈمنى ۋە غايىلىرىمنى.

ھال رەڭ چېچەك ھەمدە ئاق چېچەك،
ئېتىزلىققا يول ئالغان دېھقان،
چاقنىماقتا مېنىڭ روھىمدا.
باھار
گۈزەللىكىڭ، جىلۋىلىكىڭ،
خەير-ئېھسان تارقاتقانلىقىڭ.
باھاردەك ياشارغان ۋەتەنگە
تەقدىم مېنىڭ بارلىقىم
ھاياجاندا ئوينار يۈرىكىم.

باهار
مەرھابا ساڭا
بەكمۇ ئىللىق شاماللىرىڭغا.
ئويغاتتىڭ
باھار-يازنىڭ شەبنەملىرىنى
ھەمدە قۇشلارنىڭ سايراشلىرىنى.
باهار
ياي يېقىملىق كۆلكەڭنى.
ئانا زېمىنغا
مېنىڭ روھىمغا......




# يازنامه

ياز
بىر دەستە گۈلدەك
كىرىپ كەلدى قىزلار چۈشىگە.
دەريالار
سۈزۈك-سۈزۈك سۇلىرى بىلەن
دولقۇنلىدى يېڭىت قەلبىدە.
چېچەكلىدى قۇم
قىزىل يۇلغۇن چېچەكلىگەندەك.
باغلار
يېشىللىقنى تېڭىپ باغرىغا
بۇلبۇل ئۇچۇن ياسىنىپ راسا
مېۋىلەنمەكتە پورەك-پورەك.
ياز
سىيپىماقتا مەڭزىمىزنى.
سىيپىماقتا
كۈلكە قاپلىغان
قوي كۆزلۈك دىدارىمىزنى.
ياز
ئايلانماقتا
ئايلانماقتا ئاستىلا
يۇلتۇزلۇق كەچتىكى مېۋە خۇمارغا.
ياز:

«تەرلىدىم » دەيدۇ،
قېنى سالقىن ھاۋا تەگشسگۈچ،
ياز:
«چارچىدىم» دەيدۇ،
قېنى
بەكمۇ يۇمشاق-يۇمشاق يۆلەنگۈچ.
ياق، ياق
ياز:
«زېرىكتىم» دەيدۇ
ئەڭ، ئەڭ سالقىن ئىكەن ئورمانلىق.
تېتىپ كەتتى بىر قاچا قېتىق
تۈگىدىغۇ بولسىمۇ لىپلىق.

ياز
كىرىۋاپتۇ كەپىگە
قوغۇنچى بوۋاي
ناخشا ئېيتقان ئىكەن ئەسلىدە.
يىگىتلەر
ئوتتۇز ئوغۇلنىڭ بېشى قىلىپ
ئەڭ گۈزەل يازنى
ئۈيىنىغان ئىكەن مەشرەپتە.
قىزلارمۇ
ئوسما قىلىپ ياز يېشىلىنى
قېتىلىپتۇ سەپكە جىممىدە.
ئەنە دېھقان
بىر قۇچاق يازنى

قويلىرىغا سۇندى كۆلكىدە...
ياز
بەرىكەتلىك ياز.
جەنۇبقا
ئەڭ قىزغىن ئاپتاپ بىلەن
كۆلۈپ باققان ساخاۋەتلىك ياز.
ئاشىق-مەشۇق ياشلىرى بىلەن
سۇغىرىلدى ياز يىلتىزلىرى.
ئايدىڭ كېچە ئورمانلىقتا
چېچەكلىدى كۆكۈل سىرلىرى.
ياز
تەبىئەت يازغان،
ئەڭ چىرايلىق سالام خەت.
تۈگىمەس ئاخىرى،
تۈگىمەس ئەبەد......



# ئۈرۈمچىگە خەت

ئۈرۈمچى
سېغىنىشقا تولغان شەھەرسەن
يىغلاتتىڭغۇ ئەجەبمۇ مېنى،
سەككىز يىللىق ھىجراننى يۈرەك،
كۆتۈرمەمدۇ ئېيتقىنا قېنى؟!

بىر يۈز بىرنىڭ ئاپتوبۇسىدا،
چۈشۈپ قالغان ئىكەن شوخلۇقۇم،
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى،
ئۈزاتقاندا ئاخىرقى بىر رەت،
بولغانىكەنمىز ئەسلىدە ئۇچۇم.

جۇدالىقنى چېتىپ بىرلىكتە
يوللۇق قىلغان ئىكەن ئۈرۈمچى،
قىرىق تال گۈل قىرىق ماكاندا،
ئېچىلساقمۇ تولۇپ ھۆسنىگە،
تارتىلماقتا لېكىن دىل رىشتى.

ئۈرۈمچى
سەن دوستلارنى تونۇتقان ماكان.
يۈرەكلەرگە چېتىپ يۈرەكنى،
كەلگىنىدە مۇھەببەت پەسلى،

ئىرىلىشقا سۆيلىشىڭ يامان.

سەندىن قالغان ئۇدۇم ئېھتىمال،
ياش تۆكمەن مەنمۇ بەزىدە،
مېھرى ئىسسىق كوچىلىرىڭنى،
كۆرگىنىمدە پات-پات چۈشۈمدە.

ئۆرۈمچى
ئەجەب نۇرغۇن سالاملىرىم بار
بارالمايمەن لېكىن قېشىڭغا
توپىسى ئېغىر ئىكەن جەنۇبنىڭ،
يۈرىكىمدە سېغىنىش تولا.
يازالىدىم لېكىن پەقەت خەت
ئارا ئۇزاق، بەكمۇ ئۇزۇن يول.

ئۆرۈمچى
سېغىنىشقا تولغان شەھەرسەن،
باشلانسىمۇ ھىجران سېنىڭدىن
تىلەيمىز
بولغىن مەڭگۈ ئامان ۋە ئېسەن.



# يۇلدىشىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىگە

مەن سېنىڭ ئوتتۇزغا تولغان كۈنۈڭدە،
سىغدالدىم تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق بېتىگە.
ئۆتتىغۇ بىرەرتال شامنىڭ قەدرىمۇ،
مائاشىنىڭ قولىغا تەلمۈرگىنىمدە.

رېستوران چۈشۈمدىن چاچرىدى يىراق،
تەبرىكلەش نىيىتىم كەلگەندە قىستاپ.
قىزىلگۈل مەيلىمگە تارتقىنىدا تور،
شۇ كىچىك گۈللۈكۈم چاچتى خۇش پۇراق.

ئەڭ ئاددىي تاماقنى راسلىدىم ئاخىر،
ياشاشنىڭ يولىغا قايتا چىرمىشىپ.
گۆدەكلەر سۆيۈشنى قىلغاندا سوۋغا،
كەتتىغۇ كۈلكىمىز ساماغا سىڭىپ.

مەن سېنىڭ ئوتتۇزغا تولغان كۈنۈڭدە،
تونۇدۇم قايتىدىن ھايات سىرىنى.
سەن سۆيسەڭ ھاياتمۇ سۆيەركەن سېنى،
ئەمەسكەن ئاددىيلىق ئۇنىڭ دۈشمىنى.

# ئىمتىھان

ئىمتىھان دەۋرى
گۈللىمەكتە يۈرىكىمىزدە،
شاللىنىشتىن قېچىپلا يۈرگەن
ئالدىراش كۈنلىرىمىزدە.

ئىش ئورنىغا چىقىش بەك زۆرۈر،
ئۈنىۋان ئۈچۈن بولىمىز سەزگۈر.
لاياقەتلىك ئاتىلىش ئۈچۈن،
دەيدۇ دەۋر:
«ئىمتىھانغا يۈگۈر، تېز يۈگۈر».

ھەيۋە يامان، چىرايلار سامان
قېلىنلايدۇ بىردىنلا چاپان.
ساختىلىقنىڭ كۈنى قەيەردە؟!
كومىسسىيە قويمايدۇ ئامان.

قىرىق بەشكە ئۇلاشمىغان ياش،
ئىمتىھانغا قاتنىدىغۇ باش.
يوغان سىنىپ، قاتتىق ئورۇندۇق،
قوللار تىترەك، كاللا قۇپقۇرۇق.
دەل ئاشۇ پەيت
بولالمايسەن
ئىككى سائەت ياكى ئۈچ سائەت
ھاياتىڭدا شاش.

بۇ ھاياتنىڭ ئىمتىھانى ئەمەس
ياشاش ئۈچۈن مەجبۇرسەن لېكىن.
تەقدىر بىلەن ئويناشقاندەكلا،
يۈرىكىڭدە چاقىدۇ ئېقىن.

ئىمتىھان دەۋرى
بولۇپ قالدى ھەر يىل، ھەر پەسىل.
ئۆتكۈڭ كېلىپ تېپىرلىساڭمۇ،
شېرىن ئۈمىد قۇچاقلىساڭمۇ
قىيىن، داۋان ئالدىڭدا كۆپ خىل.

ئالتۇندىنمۇ قىممەتلىك ۋاقىت،
غەم-تەشۋىشلەر قەلبىڭدىن ساقىت.
كىملەرنىدۇر قويىسەن قارغاپ
سوئال چىگىش، تاپالماي پاكىت.

ئىمتىھان دەۋرى
گۈللىمەكتە يۈرىكىمىزدە
گۈللىمەكتە
ياشاش ئۈچۈن تېپىرلاۋاتقان
سۆيگۈ تولغان يۈرىكىمىزدە.

# سېرىق رەڭ

سېرىق رەڭ بەختىنىڭ بەلگىسى بەلكىم،
ئالتۇن رەڭ كۆز پەسلى تارتىدۇ كۆڭۈل.
ساپسېرىق توغاچلار يۆرەككە تۇتاش،
باش باھار زىنىنتى سەبدە، كاككۇكگۈل.

قەدىمنىڭ چۆشىدە كاۋا چېچىكى
سەھەردە سايرىغان قۇچقاچمۇ سېرىق.
قەيەردە زاراڭزا، زاغۇنلۇق ئېتىز،
ئاھ، جىگدە چېچىكى مۇھەببەتكە لىق!!

قىزلارنىڭ چاچلىرى ئالتۇنغا رەڭداش،
تال-تال نۇر ئەۋجىدە يورۇيدۇ ئالەم.
ئانىنىڭ قولىدا سارغىيىپ پىشقان،
توقاچنىڭ كۆچىدە يېتىلەر ئادەم.



# ھىجران


ھىجران زەنجىرى چېتىلدى يەنە،
بۇ ھاياتلىق ئالىمى.
قوشۇلۇش
ئايرىلىش
ئايرىلىش
قوشۇلۇش
ھىجراننىڭ تۈگىمەيدۇ ئاخىرى.

بىر دەستە سېغىنىش
كىرىپ كەلدى ھىجران چۈشىگە.
يىغلايدۇ
ئاسمان ياش تۆككەن كەبى
كۆرگۈسى كەلگەن يۈرەك.
يۈرەك
ھەممە نېمىگە چىداشلىق يارالغان.
ئېچىلسىمۇ
قان گۈلى پورەك-پورەك.

ھىجران،
سۆيۈملۈك ھىجران.
سېغىنىش كۈچەيگەن ھىجران،
مۇھەببەتنى چىڭىتقان ھىجران.

ساداقەتنى كۆكلەتكەن ھىجران،
ھاياتنىڭ سىنىقى ھىجران!
پارچىلانماقتا
نىمجان ھاياجان...

قوشۇلۇپ
ئايرىلىپ
ماڭماقتىمىز ھىجران چۆلىدە.
ھىجران
سەن يارالغان ئاشۇ دەقىقە
يۈرەكلەردە سۆيگۈ پارتلىغان.
سەنسىز
دۇنيانىڭ راستلىقى يالغان.
ساپلىقى يالغان...
ھىجران زەنجىرى
پۈتۈنلەنمەكتە خىرامان.



# چوڭ شەھەردە باھار

تۆتىنچى ئايغا ئۇلاشقان بىلەن
يوپۇرماقتەك، ھىجراندا كۆڭۈل.
قار ئاستىدا بىخ سۇرگەن چىملار
تەنھالىقتا سېغىنىدۇ گۈل.

قارلىغاچىنىڭ ئىسسىق نەپسى،
كۆنەلمەيدۇ ئېگىز بىناغا.
ئەگىزلەرنىڭ ناخشىسىسىزلا
قاپقارا قار ئېرىيدۇ ئاستا.

بازارلاردا سېتىلار لەگلەك
غېرىبسىنار لېكىن باللار.
شۇئىرلىماس ئۇلارغا چېچەك
كىرەلمىگەچ ئۆيلەرگە باھار.

بەخىرامان ماشار ئاپتوبۇس،
يوق ياز غېمى يا باھار غېمى.
شادلىنىدۇ پەقەت باغچىلار،
ئىشرەتلەرگە ئېچىپ باغرىنى.

نۆل گرادۇس بەك سۆيۈملۈك سان،
يەڭگىلگىنە تىن ئالار قىزلار.
يىگىتلەرگە پىۋا بوتكىسى،
بوسۇغىدا مۇزدەك چاي تۇتار.

ئەتراپىدا قاتمۇقات تاغلار،
چوڭ شەھەرگە كىچىكەر باھار،
كاككۇك ئۈنى سېغىنغان بوۋاي،
«قۇش بازىرى قەيەردە؟»سورار.



# شەھەردىكى قاغا

قاغا قالمىدى دېيىشىدۇ
شەھەردە.
بىر قاغا
يېگانە قاغا
قاقشال شاخ ئۈستىدە
كۆزلىرى يۇمۇق
جىممىدە.
يېقىندىكى ماشىنا سىگنالى
تىترەتتى ئاخىرقى بىر تال ياپراقنى.
تىترىدى پەي،
تىترىدى قاپقارا كۆزلەر،
تىترىدى...

جىمجىتلىق
يەنە قايتىپ كەلدى.
ئۆتتى بىر قىز، بىر يىگىت
پىچىرلاش
ئەسلىمىگە ئايلىنىپ قالدى.
قاغا
ئاچىزغىنە قاقىلداپ قالدى.
جىمجىتلىق
قاغا ئېسىگە كىرىپ كەتتى.
بىر شاخ
بىر قاغا

تەنھالىقتا ئايلىنىپ قالدى.
ئىسلانغان قاردا
ئوماقىقىنا بىر بالا:
«قاق، قاق، قاق
ماڭا بىر ياڭاق
ياڭىقىمنى بەرمىسەڭ
كاللاڭغا چوماق»
لىرىك ناخشا ئوقۇماقتا.

ياڭاق ئىچىملىكى
ئۇسسۇزلۇقنىڭ مەنبەسى.
لىپىلداپ قالدى
قاغا جۇغدىكى.
ئەنسىز كۆزلەر
ھەر يانغا باقتى،
بوشلۇق
ئىسلار ئەۋجىدە،
خۇنۇك قارىلىقنى
پەيلەرگە ياقتى.

قاپقارا بىر تال پەي،
يېنىك يەلپۈنەر شامالدا.
يالغۇز شاخ
قىش سوغۇقلىرىدا
سىغىنماقتا چىرايلىق قاغا.

# ئۈرۈمچىدە بىر مەزگىل ياشاش

ياشاپ باققۇم كەلدى باغرىڭدا،
راھەت ئىزدەپ ئوتتۇز يېشىمغا.
ئۆكتەبىرنىڭ سوغۇق كۆز يېشى
كۈتۈۋالدى مېنى جىمجىتلا.

تەنھالىقتا مۇجۇلماقتىمەن،
ئەتراپىمدا ئادەم دوۋىسى.
بۇزۇپ تۇرار جىمجىتلىقىمنى
رىقابەتچى تاكسى شوپۇرى.

«30پۇڭلۇق تېلېفونخانا»
بەك يېقىملىق ماڭا شۇ تاپتا.
قايتىپ چىقىش تولىمۇ قىيىن،
قالدى راھەت شۇ ئۇزۇن سىمدا.

يەكلەر مېنى كوچا ئاپتوبۇسى،
بىر يۈەننىڭ ئۆتۈلدى قەدرى.
«ئالدىراش»لا دەيدۇ سورىسالڭ،
ئۈرۈمچىلىك دوستۇڭنىڭ بەرى.

ياشاپ باققۇم كەلدى باغرىڭدا،
ياشاركەنمەن پۇل بولسا بىراق.
شۇنچە ئۇزۇن كوچا ئايلىنىپ،
ئاھ ئالغىنىم بىر تالاي پىراق.

# ئەتىرگۈل يىغلايدۇ

ئەتىرگۈل يىغلايدۇ يامغۇر يېشىدا،
ھىجرانلىق يۈرەككە ئازابلار قېتىپ.
ئەتىرگۈل يىغلايدۇ شەبنەمسىز، جىمجىت،
ئۈتمۈشكە ئايلانغان چۈشنى ئەسلىتىپ.

ئەتىرگۈل يىغلايدۇ ئىسسىق پارنىكتا،
توك سىمى سوغۇققان بەرگىگە تۇتاش.
كۈن نۇرى قەيەردە مېھرىنى بەرگەن،
ھاكلىق سۇلارغا بىرەلمەي بەرداش.

ئەڭ ئېسىل دۇكانلار ئىزدەيدۇ قىممەت،
ئەتىرگۈل نېمىگە سىمۋول شۇ تاپ.
يىگىتلىكى ئۇرغۇغان زەبەردەست ئەركەك،
گۈللەرسىز كوچىدا يۈرىدۇ بىتاپ.

ئەتىرگۈل يىغلايدۇ قىزلار قولىدا.
بەلگىسىز، سۆيگۈمۇ ئۇ ياكى نەپرەت.
تاپشۇرۇپ ئالمىدى غېرىب شائىرمۇ،
گۈل ھىدى پۇرىغان ھېسسىياتلىق خەت.

ئەتىرگۈل يىغلايدۇ شەبنەمسىز، جىمجىت،
ھاۋاغا سىڭەلمەي خۇش پۇراقلىرى.
كوچىلار كۈلەرمۇ باھار قىز كەبى،
ئېچىلسا تۈيۇقسىز گۈل چىراغلىرى.

# ئاپرېلدىكى قار

ئاپرېلدىكى قار،
باشلاپ كەلمەي شەھەرگە باھار
يۈرىكىمنى مۇزلاتتى تەكرار...

سېغىنىشقا تولغان قەلبىمدە
ئېزدەپ يۈردۈم گۈزەل ئەقىدە.
كوچىلاردا لىپمۇلىق ئادەم،
ئۆتۈپ كەتتى سۆزسىز جىمىمىدە.
مەن
كۆنلۈكسىزلا ھۆل كىيىم بىلەن،
ئېرىگىم بار قار كەبى.
مېنى كۆتكەن
مېھىر بىلەن تولغان كۆزلەردە.

ئاپرېلدىكى قار
تېخى كەلمەي تۇرۇپلا باھار
سوغۇق كۆيىنى قىلماقتا ئىزھار،
بىپەرۋادۇر بىنالار شۇ تاپ
دەرەخلەرنى قۇچاقلايدۇ نەم.
ماشىنىلار، تىجارەتچىلەر
مەندەكلا
قىلىپ قالدى بۇگۈنىدىن غەم.

يېنىمدىكى دوستۇم ئايگۈلمۇ
ئاپئاق-ئاپئاق قار ئۇچقۇنىدىن
تاپمىغاندەك تەسەللى
ياشلىۋالدى كۆزىنى بىردەم.

ئاپرېلدىكى قار
قەيەردىكىن دىلدىكى باھار؟
سۆيگۈدىن يوق ئۇچۇرى زىنھار.

شېئىرسىراپ قالدىم تۇيۇقسىز،
يوپۇرماقسىز شاخلارغا قاراپ.
ئۆگەنگىم يوق ھېچنېمە
قۇپقۇرۇق قەلبىم
نەمدەلسىدى ئۇچقۇندا ياپراق.



# رىسالەت مەردان بىلەن ئۇچرىشىش

قايتىپ كەلدى قىز چاغلار
قايتىپ كەلدى سېغىنغان شېئىرلار.

باھار قوينىدا
ئېرىتكۈم كەلدى ئۇنى ئاستىلا
مېھرىبانلىققا تولغان
باغرىمدا.

يىگىرمە سەككىز
ئوتتۇز تۆتكە قوشۇلۇپ كەتتى،
ھىجران ۋىسالنى سۆيۈپلا كەتتى.
ئايرىلىش ئەمەسكەن راستىن
مەڭگۈلۈك
ئىككى شېئىر
يۈرەكنىڭ ھالىغا يەتتى.

يۈرەك، يۈرەك
ۋىسالغا بىر تاتلىق تەلپۈنگەن يۈرەك
ئايرىلدا ئېچىلدى پورەك، پورەك.

دەرەخلەر غازاڭسىز
ھېسلار ياپيېشىل

گۈللەر پۇراقسىز
لېكىن بەك ئېسىل.
رىسالەت مەردان بىلەن ئۇچراشقان
كۈنى
تۇيغۇمىز ئاستىلا بوپ كەتتى ئېجىل.

قايتىپ كەلدى قىز چاغلار
قايتىپ كەلدى
سېغىنغان شېئىرلار.



# شېئىر يازغۇم كەلدى سېنىڭسىز

م گە بېغىشلاپ

شېئىر يازغۇم كەلدى سېنىڭسىز،
ھىجرانىڭغا چىدىماي يۈرەك
كوچىلارنى كەزدىم، تەنھالىق —
قەدرىڭ تامان ئۈزىدى قۇشتەك.

كەلمەي قويدى باھارمۇ تېزرەك،
يوپۇرماقسىز دەرەخ غېرىبان.
باغچىلارغا كىرگۈم يوق يالغۇز،
سەنسىز ماڭا يالغۇز بۇ جاھان.

يامغۇرغىمۇ يۈزلەندىم سوغۇق،
قېنى كۆنلۈك تۇتقان جۈپ قوللار،
چاچلىرىمنى تۈزەشتۈرگىنىڭ،
ئەسلىرىمنى قىلار ئىنتىزار.



# چۈشىنىش

شېئىر
يارىشىپتۇ باھار بەستىگە
يارىشىپتۇ
قىزىلىق ھۆسنىگە

كۆپ تىللىق رىسالەت
ۋاقىت بىلەن ئۆتكەن ھەر سائەت
ھاياتقا يوللانغان تاقەت
ئىزدەپ
ئىزدەپ
پاكىز ئىبادەت.
كىتابلار دۆۋىسى
ئېلىپ كەلمەكچىدەك
بىر ئۇتلۇق ئامەت.

كەڭرى چىملىق
يۈرەكلەرگە سالدى جىمجىتلىق
ئېقىپ كىردى بىر سۆيگۈ ئىللىق،
تۇيۇقسىز
جىرىڭلىغان تېلېفون
تىترەك ئاۋازنى
ئۇچقۇنىدا ياندۇردى سىلىق.

«تىرىك»
«تىرىك»
قەلب چېكىلدى
ئۇلۇغلۇققا بىر يول ئېچىلدى
باھارغا
بىر ئاجايىپ شېئىر قېتىلدى.



# ئۈيقۇ كېسىلى

چۈشلەرگە مۇپتىلا
ئاجايىپ شېرىن،
مېھرىدىن ۋاز كېچىش
تولىمۇ قىيىن.
كىرپىكلەردە
ۋىسال جۇلاسى،
كۆز قارچۇقىدا
ئارام نىداسى.
قەلەمگە ئەگىشىپ
گاھى كىتابقا،
تولىدۇ بەدەنگە
ئۈيقۇ غوۋغاسى.

غەۋغالار ئەۋجىگە
مەھلىيا كۆڭۈل،
كۆڭۈل كۆزلىرىدە
ئېچىلماس بىر گۈل.
نەملەشكەن كۆزلەرنىڭ
قىنىدا ھايات
مۈگدەيدۇ
بەختنىڭ بەتلىرىدە
نۆل ......

# ھىجراندىكى ئاي

ئايغا نېمە بولدى بىلمەيمەن
بۇندا يالغۇزلۇق ئىزدەيمەن.
تاتلىق كۈلۈمسىرەيدۇ ئاي
ھەسرىتىمدە كۈيلەيمەن.

ھەسرەت چۈشتى بېشىمغا
ئاي كىمنىڭ سىيماسىدۇر؟
«مېنى سېغىنساڭ ئايغا قارا»
بەلكىم، بۇ سۆزلەر ساختىدۇر.


بىر قىز يىغلىدى ئۇزاق-ئۇزاق
تېلېفون سىملىرى كۆيدى گۈررىدە.
ئايدا ئايدىڭ بولماي قالدى،
پەرىشتە ئۇچقاندەك يەلكىدە.

دۇئالار ياغدى لەپىلدەپ،
قىز بەختى ئايدىكى داغدا
چىملىق چىنلىققا كۆمۈلدى
ئاي كۈلۈمسىرىگەن چاغدا ...

# ئۇزىتىش

ئاپتوبۇسنىڭ ئەينىكى خىرە
يامغۇر ياغدى باغرىمغا سىم-سىم.
ئاخىرقى رەت پۇلاڭلاتقان قول
سۆيگۈ يوللۇق قىلغاندۇ بەلكىم.

قايرىلمىدىم ئارقامغا بىر رەت
ھىجران يۈدۈش ئەڭ ئېغىر ھەسرەت.
ئاق يول ئۈچۈن تىلەنگەن تىلەك
تۇزۇماقتا، بىر تۇتام گۈلدەك...



# باھاردىكى غېرىبلىق

باھار كەلدى گۈللەرمۇ كەلدى،
چېچەكلەردە مۇھەببەت ھىدى.
باغچىلارنىڭ باغرى بەك سوغۇق
يالغۇزلۇقۇم بىلىنگەن چېغى.

قۇش ئۇۋىسى —
بىز ئىزدىگەن جاي،
چۈش پەيلىرى توزۇيدۇ پەقەت.
ياپراقلاردا شەبنەمسىز كۆز ياش،
قەلبىمدەكلا غېرىبلىق ھالەت.

ئايلانمىدىم ئورماننى قايتا،
سەنسىز كۈنۈم رەڭسىز-قۇياشسىز.
يامان ئىكەن تەنھالىق دېگەن،
ئۆتتى باھار يالغۇز پاناھسىز.



# يوشۇرۇن ئازاب چېكىش

سۇرتۇۋەتتىم ئاستا يېشىمنى،
ئورمانلارغا سىڭگۈم بار تەنها.
ئېھ، يامغۇرلۇق كوچىدا تۇرۇپ،
پاكىزلىككە بولىمەن گۇۋاھ.

تېلېفوننىڭ ئىسسىق تىنىقى،
بەك سۆيۈملۈك، سۆيۈملۈك ماڭا.
ئىزدەپ قالدىم بىر ئوتلۇق جۈرئەت،
چاچلىرىممۇ ئازابتا ھەتتا.

«تەڭ تارتايلى دەردنى» دېگىم يوق
پەرۋايىڭغا كەلمىسەم بىر رەت.
بەلكىم ماڭا ھەمراھ بىر ئۆمۈر،
يۈرىكىمدە كۆيگەن مۇھەببەت.



# ئايال

ئەر قەلبىدىن ئىزدەيدۇ بەخت
ئەر قەلبىدە ئۇ يېرىم دۇنيا.
ئەر سۆيگۈسى تەڭداشسىز بىر كۈچ،
چاچقان ئۇنىڭ قەلبىگە زىيا.

ئۇنىڭ قولى گۈللىنەر ئۆينى،
ئۇ پەرزەنتكە ئەڭ ئىسسىق نەپەس.
ئۇ رەڭلەرنى جۇلالاتقان روھ،
ئۇنىڭ بىلەن كۆكلەيدۇ ھەۋەس.

ئۇ ھاياتقا تاشلانغان بىر چوغ،
كۆيۈپ-كۆيۈپ توختىمايدىغان.
ئۇ ئەڭ ئېسىل خۇش پۇراق گۈلدۇر،
بۇ ئالەمگە بەكمۇ ياراشقان.



# كۆڭلى ئاغرىش


تاشلىۋەتكۈم كەلدى شۇ تاپتا،
قاتتىق
قاپقارا تۇرۇپكىنى.
1500 كىلومېتىر ئارىلىق،
ئەزمەكتە
غېرىبلىقىمنى.
سېغىنىشقا تولغان قەلبىمنى...

مەن نېمە ئىزدەيمەن
كېچىكىپ كەلگەن باھار ئارا؟
قىينىلىپ
تۇرمۇشنىڭ قاتتىقلىقىدا.
يات شەھەردە
باغرى تاش شەھەردە،
ئېچىلغۇم بار گۈل كەبى.
ئېچىلالمايمەن،
كۆڭۈل ئارامى ئۈچۈن
يىغلايمەن.

كىملەر بىلەر قەدرىمنى شۇتاپ
ئۆز-ئۆزۈمگە سۆزلەيمەن.

كۆزدىن يىراق
كۆڭۈلدىن يىراق.

سوغۇق — ئاۋازغا
باغرىمنى مەجبۇرىي ئاچقايمەن.
ئاپرېلدىمۇ
قار ياغاركەن چوڭ شەھەردە،
شۇڭا
قار يېغىپ تۇرىدۇ پات-پات
باغرىمغا
جەنۇبتىكى تاغلاردىن ھالقىپ
ئۈرۈمچىنى يىغلىتار راسا.
قار سوغۇقى ئۇرۇلدى
ئىسسىق نەپسىمگە.
قاراپ-قاراپ
قويۇۋەتتىم تۇرۇپكىنى،
پەقەت
تەسەللىمەن
ئۆزۈم-ئۆزۈمگە.



# دىرىزىنىڭ يېنىدىن كەتتىم

غالجىرلاشتى ھاۋا تۇيۇقسىز،
يوللار پاتقاق، يۈرەكلەر پاتقاق.
يوققا چىقتى ئاخىرقى كۈتۈش،
ھەسەن-ھۈسەن كۆرۈنمەس چاقناپ.

شۇۋىرغاندا سولدى بىر تال گۈل،
ئاپتاپ كۆرمەي سۇدا سۇسراپ،
ياق، بەرداشلىق ئەمەسكەن كۆڭۈل،
دىرىزەمنى ياپتىم ئاۋايلاپ.

ئەينەك خىرە يامغۇرلار خىرە،
يىراقلاشتىم بۇ گۈلدىن ئاستا.
مۇزلىغىنى ئۆيمۇ ياكى مەن،
ئۆكسۈمەكتە ۋاقىت يىراقتا.




# يىراقتىكى گۈل

ئىسسىق تۇپراق، ئىسسىق ھاياجان،
كۆپچىمەكتە يۈرەكنىڭ قېنى.
گۈل سېغىنىپ ئولتۇرغان بىر قىز،
سۆيەلمەيدۇ ئەمدى باشقىنى.

يىراقتا بار بىر گۈل يىراقتا،
كۆيۈك يېتەر، قەلب يېتەلمەس.
قىزىل كۆڭلەك ئېرىگەن ناخشام،
دەرد ئۇلاشتى، ئۆچمەس، ھەي ئۆچمەس.

كۈۋەجەيدۇ گۈلنىڭ تىكىنى،
قىز يۈرىكى نازۇك زىبالىق،
سۆيگۈ كۆيمەس، كۆيەر ئەقىدە،
قول سوزۇدۇ ئاچچىق تەشنالىق.



# يارىم ماڭغان كۈن

قەلب چۆللىرىم نەمدەلدى
يارىمنىڭ كۆز يېشىدا.
مەن
غېرىب باشىم بىلەن
پۇلاڭلىتىپ قولياغلىق،
داغلاندىم
ھىجران داغلىرىدا.

گۈللىرىم قالدى قاراقسىز،
قۇشلىرىم
چۆلدە بۇ دەم.
بۇ ھايات قىيناقىدا،
باشىمدا غەم
قاشىمدا غەم.

سۆيگۈمۇ سۆيگۈ ئەمەسكەن،
ئايرىلارى بولمىسا.
ئوت يۈرەك نەمدەلگەيمۇ،
تۆكەرگە ياشى بولمىسا؟! ...

# ئەسلەش

بىر ئىسسىق نەپەسكە چۆكتۈم چىرايلىق،
ئەسلەنگەن تۇرقۇمدا شېرىن بىر تىترەك.
قاپقارا سوغۇقنىڭ قىنىدىن چىقتىم،
باھار ئايلىرىدا ئېچىلدىم گۈلدەك.

مەيلى كىم ئەسلىسۇن، مەيلى مەن ئەسلەي،
ئۇنتۇماي سېغىنغان دەملەر سۆيۈملۈك.
ئەڭ يېقىن ئارىلىق ئىنسان يۈرىكى
ئۇ بەخت كۆزىدۇر چاقنىغان سۈزۈك.



# دوستنى ئۇزىتىش

ئەتىياز قولىدا گۈللەر، دەرەخلەر
ئېھتىمال، سوۋغىسى ئۇ تەبىئەتنىڭ
قۇمۇلدا ئاپتاپ كۆپ
ئېچىلدۇرۇپ كەل،
بۇ غۇنچە
بۇ باھار
يوللۇقۇم مېنىڭ.

سەن پويىزدا نۇردەك يورۇيسەن،
يۈرىكىڭ سوقۇشى بىر ماڭا ئايان.
قالدۇرغىن غەملەرنى
دەردلەرنى ماڭا،
ئىسسىق نەپەسىم
ساڭا بىپايان.

بىئىلاج ئۇزاتتى،
رىشتىمىز ئايان
ئاق يوللۇق قىلغايمۇ
كۆز يېشىم سېنى؟
تەقدىرنىڭ چاقچىقى بولسىمۇ
تولا،
بىر بولساق
يېڭەرمىز ئۇنى بىر كۈنى ...

# بىپەرۋا ھايات

سەندىن كۈتمەيمەن ئەمدى ھېچنېمە،
مەن
ئۆز باغرىمغا تاشلانغان بىر چوغ.
كۆيۈۋېرىمەن،
سەن ئۈچۈن ئەمەس
مەن ئۆز-ئۆزۈمگە
ئىسسىق بىر نەپەس.

گۈللەر
ئېچىلىۋەرسۇن ئۆزىنىڭ يولى،
قۇشلار
جان بەرسۇن تار قەپەستە،
تۈگىدى ھەممە
تۈگىدى شېئىر
سەن
مەن ئۈچۈن ئەمەس
ھېچنېمە.
مەن ياشايمەن يەنىلا
بىر ئۆزۈمدەك
ئىللىق نەپەستە.

# گۈل پەسلىگە كىرىش

يېقىملىق چىرايىڭنى سېغىندىم،
سېغىنىپ تۇرۇپ
ماي ئېيىدا
گۈل پەسلىگە كىردىم.


مەن گۈل ئىزدىمەيمەن
ئەتراپىمدا گۈللەر دۆۋىسى.
قەدىر دانىم
گۈل يۈرىكىدە
تۇتماقتىدۇر كۆڭۈل سوۋغىسى.

مەستخۇشمەن،
جۈپ يېقىملىق
غۇنچە
مېھرىدىن.
1-مايدا
پۇراق چېچىپ باسقان يولۇمغا،
ھەممە نەرسىنىڭ
گۈل تۆكۈلدۇ چېھرىدىن.

ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بىلەن،
ئۇزىماقتىمەن گۈل شەھرىگە.
مۇھەببەتنى تىڭىپ قەلبىمگە
گۈل بەرگىدەك

سۈزۈك سەپىرىمدە.

قەدىم يەكەن
گۈل پەسلىگە كىردى مەن بىلەن.
ئاجىز ئىكەن تەن دېگەن.
گۈللەر ئەۋجىدە
ئېرىدى لەۋەن...




# سەھەردىكى تېلېفون

سەھەر
ئىللىق قولى بىلەن،
سىيلاپ قويدى
تېلېفوندا ئېرىشۋاتقان مېھرىمنى،
ياپيېشىل دەرەخلەر
چىملىقلار، گۈللەر
بەلكىم كۆردى قىزارغىنىمنى.
«بايرىمىڭىز مۇبارەك»
«بايرىمىڭىز مۇبارەك»
ئاۋاز گۈلگە ئايلاندى،
تىترەك قولدا
ئىسسىق بارماقلىرىم بىلەن
سىيلىغىنىمدا تېلېفوننى.

ئانىلىقىم كەلدى يادىمغا
ئۇلۇغلاندىم قۇياشتەك قايتا.
ئىللىق نەپەس
يۈرەكتىن يۈرەككە بېرىپ،
زوق-ھەۋەس
ئېقىپ كىردى باغرىمغا.
«بايرام مۇبارەك»
بايرام مۇبارەك»

ئۇزاق-ئۇزاقلاردىن كەلگەن
ئۈن
مۇقەددەس بىر ئۈتنى
قايتا ياقتى
ئانىلىقىمغا ...



## ل. مۇتەللىپنى ئەسلەش

ئالتە ياشلىق ئوغلۇم قەلبىدە
يىللارنى ئويغاتتى لۇتپۇللا.
«ئاپا، يىللار كۆلەلەيدۇ» دەپ،
كۆلدى ئۇمۇ ئاستىلا.
قىزىم ۋاقتىنى چۇشەندى
چاقماقتەك شېئىرلار لەرزىدىن.
لۇتپۇللانى كۆرگۇسى كەلدى،
تېلېۋىزوردىن
چۆچەك ئىچىدىن.
«خىيالچان تىلەك»
تېخى
بالىدەك گۆدەك.
ئوينىغىلى كىردى سىنىپقا.
سالام يازدى
«مارت قىزى رەيھانغا»
قىزغىن مۇھەببەتتە ئوغۇللا.
لۇتپۇللا،
لۇتپۇللا
«يىگىتىم بولسا ئۇنىڭدەك» دەپ
بەخت دەرياسىغا
چۆكۈشتى قىزلار.

# مەن سۆيگەن ئەر

16يىل ئاۋۋال
ئەقىدەڭ كۆكلىگەن يۈرىكىمدە،
سۆيگۈڭ
قوشۇلغان سۆيگۈ گۈلۈمگە.
سەن
بوز يىگىت ئىدىڭ،
ئارمانىم ئايىنغان قىزلىق گۈلۈمگە.
تېتىدىم تۇزۇڭنى
بەختكە قوشۇپ
ئىيۇنىڭ ئاپتاپلىق شېرىن كۈيىدە.

سەن
قەلب قەسرىمدە ياشىدىڭ ئۇزاق،
مەسئۇلىيەت قىرغىقىغا تاشلاپ ئۆزۈڭنى.
پەرۋىش قىلدىڭ بىر ماڭا ئاتاپ
سۆيگۈدە چوڭ بولغان بىر جۈپ يۈرەكنى.
جۈپ يۈرەك
ئۆيىمىزنىڭ چىرىغى،
يولىمىزنىڭ داۋامى.
مېنىڭ شېئىرىمنىڭ
ئەڭ سۆيۈملۈك مىسراسى.
سېنىڭ قېنىڭنىڭ

شۇۋۇلدىغان دەرياسى.
سەن
دەريا ياسىغۇچى پەرھادسەن
سەن
سۆيگۈ ئاتىغۇچى
يۈرىكىمدە ياشىرىپ تۇرغۇچى
ئارمانسەن.
سەن
ھىجرانلارغا بەرداشلىق بەرگەن
ساداقەتلىك
پاك-پاكىزە ئىمانسەن.



# ئوتتىن ئاتلىغۇچى ئايال

ئادەم ئاتا — ھاۋا ئانا
ئارقىسىدىن ئەگىشىپ،
سۆيگۈ ئىزدەپ ماڭغۇچى ئايال.
سۇبھىدىن كېيىن
تۇزلۇق ناندا بەختىڭ چىقىلدى.
پاكىز دۇئادا
ھايات يولۇڭغا
گۈللەر سېپىلدى.

سەن
قىزلىق بىلەن خوشلاشقۇچى سەن،
ئايالىققا يول ئالغۇچى سەن.
دۇنيا غېمىنى يۈدۈپ يەلكەڭگە
ئەرگە
ئۇزاق يولدا ھەمراسەن.

ئوتتىن ئاتلىغۇچى ئەي ئايال،
نەغمە يېرتتى،
ئازاب پەردىسىنى.
كۆز ياش ئېرىتتى،
دۇنيا قەلبىنى.
سېنى كۆتۈرۈپ
ئوتتىن ئاتلاتقان يىگىت
ئاچتى ئاۋايلاپ

سادىقەتلىك
قەلب قەسرىنى.

ئوتتىن ئاتلىغانچە
كىرىپ كەلدىڭ
ئايالىقىڭ نازۇك باغرىغا.
ئاتلىقىڭ مۇقەددەس بېغىغا.

ئوت
قومۇش بىلەن يالقۇنلىغان ئوت.
سۆيگۈ دەرياسىدەك شاۋقۇنلىغان ئوت.
سىنىڭ قەلبىڭدەك پاكىز
يىگىت مېھرىدەك سۈزۈك
ئاتا-ئانا باغرىدەك يۇمشاق
قېرىنداشىڭ قەھرىدەك
نەرە تارتقان ئوت.

ئوتتىن ئاتلىدىڭ،
بىر تال غۇنچە
چاچرىدى ئەركىلەپ-ئويناپ
ۋىسال تەرمەكچى بولغان ئىشىكىڭگە.
سەن
خاتىرجەملىك كۈلكىسىنى كۈلۈپ،
يىقىنلاشتىڭ
تۇرمۇشىڭ
ئوتتەك كۆيۈپ تۇرغان
ئىشىكىگە ...

# مەخپىيەتلىك

جىمجىت مەخپىيەتلىكىمگە
ئوقۇدۇم دۇئا.
ئۆزۈمنى قىينايمەن
هايات قىينىماستا
تۇرمۇش ئوتىدا.
يوشۇرۇنغۇم بار
مەخپىيەتلىكنىڭ يورۇقلۇقىغا.
گۈل چاڭلىرىغا مىلەنگەن
هەرە كەبى،
شېرىنلىكىگە تولسامكەن
دەيمەن.
پەرۋانىدەك
ئوت ئۇچقۇنىدا
يېقىنلاپ بارىمەن ئۆزۈمگە.
دۇنيا مەخپىيەتلىك
هايات مەخپىيەتلىك
مېنىڭ كۆزۈمدە
يارىدار قەلبىمدە.

قايقارا بۇلۇت
مەخپىيەتلىكىمنىڭ ئاسمىنىدا،
ۋەهىمىگە تولۇپ تۇرار.
بويىغان چاچلىرىمغا

تەرگەن قاشلىرىمغا
كۆلۈپ تۇرار
چۈچۈتۈپ تۇرار.

سەھەر
يىرتتىم مەخپىيەتلىكنىڭ
قات-قېتىنى.
شەبنەمسىز كۆز ياش
سىرغىپ چىقتى چىملىقتىن.
چىملىق
دەرەخ سايىسىدىكى چىملىق
سوغۇق، نەم
تەشنا رەڭ چىملىق،
يۇتۇپ كەتتى
قەلبىم ۋاراقلىرىدىكى
ھېچكىم بىلمەس سىرىمنى.

مەخپىيەتلىكنىڭ يولى يوق
مەخپىيەتلىك يوقالغان جايدا.
ئاسىرىماقچىدەك
جىمجىت مەخپىيەتلىكىمنى
تىڭشىدىم ئاستا .........

# قىزىم يىغلىدى

تېلېفوننىڭ باغرى بەك سوغۇق
ھىجران ھەيۋە قىلدى تىنماي.
مۇلايىملىق بەرسىمۇ ئاۋاز،
ھېچنېمىگە ئەرزىمەس چىراي.

ئۆكسۈمەكتە قاپقارا سىملار
سىڭىپ كىردى يۈرەككە ھەسرەت.
يىغلىغاندا قىزىم تېلېفوندا
پارە-پارە بولدى مۇھەببەت.

بەكمۇ يىراق، يىراق ئارىلىق
مېھرى بىرلە ياندۇ يۈرەك.
شۇ مىنۇتتا ۋىسالنى باشلاپ
يورۇتقۇم كەلدى يولىنى نۇردەك.




# گۈلسارەنىڭ ھەسرىتى

(«ئۇنتۇمايمەن گۈلسارە» ناملىق فىلىمنى كۆرۈپ)

يوقسۇل گۈلسارە
ئېرىشمىگەن سۆيگۈدە
بولدى يۈرىكى مىڭ پارە.

تورغاقتەك تورۇدى بىچارە كۆڭۈل،
ئېچىلماي بىرەر رەت تولغان غۇنچىسى.
چېچىلدى بىر مۇدھىش خەۋەردە تىزىق
سۆيگۈسىز نىكاھنىڭ
ئاچچىق كەچمىشى.

ئانىلار پەرىشان، دادىلار غەمدە
ۋاز كېچىش ئۆلۈمدىن ھەممىدىن يامان
نىجاتلىق تېپىلماي قالغان سۆيگۈدە
كىم ياشار بەختلىك،
كىم ياشار ئامان؟!



# يەكەنگە قايتىپ كەلدىم

يىراق ئۈرۈمچىدىن
قايتىپ كەلدىم يەكەنگە
يۈرىكىم
ئوت بولۇپ
سۇ بولۇپ.


بەك ئۇزاقتا قالدى ئۇ شەھەر،
تاغلارمۇ ئۇزاتتى باغرى بەك سوغۇق.
دەرەخلەر، ئورمانلار پۇلاڭلىتىپ قول
يېشىللىقنى ئەيلىدى يوللۇق.

ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس
كارىۋاتلىرى راھەتتەك.
لېكىن ئۇخلىيالمىدىم،
يۈرىكىمدە يەكەن
ئايان بولدى ئەينەكتەك.

يەكەن
يۇمشاققىنە ھاۋاسى بىلەن
كۈتۈۋالدى تولىمۇ لەۋەن.
يىغلاپ چىقتى ئالدىمغا
جۈپ قارا كۆزلۈكۈم

ئوماق ھەم چىچەن.
مۇھەببەت كۈچىنى كۆرسەتتى
كۆزلەر نەم، دىللار يورۇق.
جىمى مېھرىبانلىق يولۇمدا،
بۈگۈن
يوللىرىم ئوچۇق، راست
يولۇم ئوچۇق.

يىراق ئۆرۈمچىدىن
قايتىپ كەلدىم يەكەنگە.
ئۆچ ئايلىق ھىجران
ۋىسال ئالدىدا قانات چىقىرىپ،
ئەڭ زور بەختنى
ئاۋايلاپ قويدى يەلكەمگە.
بۈگۈن
يەكەن
بەخت بىلەن تەڭ.
بەخت ئۈچۈن تۇرۇلدى كۆپ يەڭ...



# كىچىدىكى بوران

بوران ئاۋازى
ئۇنتۇلدۇردى ھەممىنى.
ئۇنتۇلدۇردى
ئۆي ئىچىنىڭ مەۋجۇدلۇقىنى.

دېرىزىنىڭ سىرتىدا بوران
ئۇرۇلماقتا سۈزۈك ئەينەككە.
كىچىككىنە يوچۇقتىن
بىسىپ كىردى ساناقسىز توپا
ئۆي ئىچىگە، پولنىڭ ئۇستىگە.
تىترىمەكتە راملار، كۆزنەكلەر
قاراڭغۇلۇق ھەمراھ بورانغا.
ياپراقلارنىڭ نالىسى ئېغىر
ئۆچۈپ كەتتى يورۇقلۇق ئايدا.

سۇنغان شاخلار، توزۇغان گۈللەر
تاشلاندى بىر-بىر بوران باغرىغا.
بوران
پەرۋاسىزلا ھەممىگە
بىسىپ كىردى ئۆينىڭ ئىچىگە.
ئۇشقىرتقان ئاۋاز
دەرد تاشلىدى

يۇرەك تەكتىگە.
ئۇيقۇسىزلىقنى ئەكەلدى بوران،
قاتتىق ئاۋاز
ئۇنتۇلدۇرسىكەن دەپ ھەممىنى.
ھەممە ئۆيدە
كۆيلەنمەكتە ئۇيغۇر نەغمىسى...



# قەبرىستانلىقتا قاراش

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدا
ياتىدۇ ئۆلۈمنىڭ ئەتىسى.

بىر ئايال
سۇ قۇيماقتا دەرەخكە،
ياشارتىش ئۈچۈن سېغىنىشنى.
يېشىل كىيىم
زومچەك قەبرىلەر ئارىسىدىن
پارتلاپ چىقتى ۋولقاندەك.
جىمجىت قەبرىلەر
توپا باسقان،
مۇڭلانغان،
قامغاقلارغا تولغان قەبرىلەر
يېشىللىق ئارىسىدا
بىرىكمەكتە ئۆلۈم بىلەن
ھاياتلىق بىلەن ئويناشقاندەك.

بىر بوۋاي
بىر بالىنى باشلاپ كەلدى،
سورىدى بالا ئېھتىمال
تۇيۇقسىز كەتكەن دادىسىنى.
بەلكىم،
توپىغا ئايلانغىنى ئانىسىدۇر.

نەم كۆزلەر
تاتلىماقتا يۈرەك يارىسىنى.
خاتىرجەملىككە كۆتۈرۈلگەن قوللار
شۇنچە ئۇزۇن
پاكىز ئىبادەتتە تىترىدى.

ئۆيۈمنىڭ ئارقىسىدا قەبرىستانلىق
ئىختىيارسىز قارىغۇم كېلىدۇ.
ھاياتنىڭ ئاخىرلىششىمۇ قىزىق،
قەبرىستانلىقتا
تولىمۇ چىرايلىق گۈللەر ئۈنىدۇ.
مەن
گۈللەرگە قارايمەن،
تۇزۇمسىكەن دەيمەن،
ھەي،
ھامان كۈز كېلىدۇ.




# هايات قەدىمى

ئارىلايمەن ھاياتنى
ئارىلايمەن،
سۆيگۈدىن تۇغۇلغان
ئازابنى.

سەھەر
ئالدىراشلىقنى
باشلاپ كېلىدۇ بەك چەپەر.
ئىسسىق ھورغا سىغدالغاندەك
تېپىرلايدۇ ۋاقىت شۇ قەدەر.
سۆيمەك بولسامۇ ھەممە نەرسىنى،
ئالدىراشلىق
بېرىپ ماڭا ھەممىدىن خەۋەر.
يۈرىكىم
قىزىقلىقتا ئاستا سۇ سېپەر.

ۋاقىت كۆزۈمگە قادالغان مىخ،
باللار ئۈچۈن غەم يەيمەن.
غەم يېگەنسېرى
ۋاقىت باقمايدۇ ماڭا.
«ئاپا، يەتتە بولدى
چاينى ئىچىشكە ئۈلگۈرەلمەيمەن»

تۈيۇقسىز قار ياغار
ھېسسىياتىمغا.
قوشۇلۇپ باللىرىمغا
يىغلىۋالدىم مەنمۇ بىر ھازا.
«چوڭ بولمىدىڭ» دېگەندەك
بېپەرۋا قاراپ قويار دادىسى،
ئەجەب قاتتىق ئىكەن
تۇرمۇش ئارىسى.
كۆندە
قاناپ تۇرار
كۆڭۈل يارىسى.
ئارىلايمەن ھاياتنى
ئارىلايمەن
سۆيگۈلىق بولسىمۇ
تۇرمۇش قەدەمىدە
تۆكۈلۈپ تۇرغان
تەكرار ئازابنى ...



# ياز تۇنى

ياز تۇنى ھەسرەتكە تولدى،
تىنجىقتى كۆڭۈلدە غەم،
سالقىنى قەيەردە قالدى؟
ياپرىقى ئۈندىن بىغەم.

يۇلتۇزى بەكمۇ يورۇق
يامغۇرىدىنمۇ يوق دېرەك.
بۇلۇتى توسمايدۇ ئاينى
نۇر چاچار گۈلگۈن تېرەك.

ئۇيقۇدىن بىگانە كۆزلەر
ياز غېرىب، كۆڭۈل غېرىب،
ئىشقى ئۆرتەيدۇ دىلنى
قايتقۇدەك كاككۇك ھېرىپ.




# ياز ئاخىرى ياكى ياز بېشى

جىمجىت دەرەخلەرگە قارىدىم،
كۆڭۈل ئازادلىقىنى ئىزدىدىم،
ياپراقلار كۆز يېشى بىلەن،
قۇشلار ئۆز سايرىشى بىلەن،
قاراڭغۇ ئورماندا
تەنهالىقنىڭ تېگىگە چۆكتۈم.

مەن خىيال ئىزدەيمەن.
خىيالىمنى پاكلاشقا تىرىشىمەن.
سېغىنىپ تۇرۇپ
غازاڭلارغا،
غەمكىن قارايمەن.
غازاڭلار،
كۆز كەلمەي تۇرۇپ
بېغىشىدىن ئايرىلغان.
ئايىغىم ئاستىدا شىرىقلىغان.
قۇياش
تالا-تالا نۇر چاچماقتا
قايسى پەسىل بۇ؟
يۈرىكىمدە مەڭگۈلۈك پىغان.
يوقىتىپتىمەن ماڭا سەمىمىي
ياۋاش-يۇمشاق قوللىرىمنى

موللاق ئېتىپ يۈرگەن قۇملۇقۇمنى
سۇلىرىمنى.
ئەمدى
ئۈيىلىمەن سۇغا چۈشۈشكە
قورقىمەن
قۇمغا كۆمۈلۈشكە.
توپا يۇقىدۇ كىيىمىمگە
پادىچى بولالمىدىم
غەمسىزگىنە ...

ياز ئاخىرى ياكى ياز بېشى
جىمجىت ئارمانغا تېۋىنىدىم.
قۇش پەيلىرى توزۇغان
نەي ئۈنى ئېرىتكەن
يۇلتۇزلۇق ئاخشامنى سېغىنىدىم.
بەلكىم
مېنى سېغىنىدى
ئورماندىكى
سارغايغان ياپراق ...



# بۇزۇلغان ھاۋاغا قاراپ

ھاۋانىڭ بۇزۇقلۇقى
كۆڭلۈمنى بۇزدى.
بىلمىدىم،
يەرگە تاشلاقلىق ئەتىرگۈلنى
بوران ئۈزدىمۇ
يا يامغۇر ئۈزدىمۇ ؟!
نەمدەلمەكتە سۆڭەكلىرىم،
نەم ھاۋانىڭ بارمىقىدا.
تۇيۇقسىز
سۆڭەكلىرىمنىڭ ئاغرىقى قوزغالدى،
كەلدى ئېسىمگە
ئاغرىقىمغا
ئىزدىمەكچى بولغىنىم داۋا.
يەرلىك قاپاق ئېسىمگە كەلدى،
كۆكلىگەنمىدۇ ئۇنىڭ چېچەكى؟
مومام دېگەندەك
مېنىڭ كېسىلىمگە
پايدا قىلاتتى قاپاقنىڭ ئېشى.
ياكى
ئاغرىقنى ئالاتتى
تېۋىپلاردىن ئەكەلگەن
تۇخۇمنىڭ يېغى.

مەيلى ئىدى
بۇزۇلسا ھاۋا
بۈگۈن يا ئەتە
دوختۇرخانىدا يېتىپ قالمىسام.



# يۈگۈرمەكتە ئالدىمدا كۈنلەر

مەن
ئېسلىپ قالدىم ۋاقىت شېخىغا.
چىقالمايمەن
يا چۈشەلمەيمەن،
قۇشلار سايرايدۇ باش ئۈستۈمدىلا.
گۈللەر يەلپۈنەر
ئاياغلىرىمدا
قۇشلارنىڭ ئۈنى قۇلىقىمدا
گۈللەر پۇرىقى دىمىغىمدا،
قۇش پېيى توزۇيدۇ.
گۈللەر قۇرۇيدۇ
لېكىن قۇرۇمايدۇ
ۋاقىت پەقەتلا.

ۋاقىت
يۈگۈرمەكتە ئالدىمدا.


هاردى قۇياش
بۇلۇت كەينى
قىزارتتى شەپەق.
قاراڭغۇلۇق
جامالىنى يايدى قارا

ئەينەكتىن
مەن
ئىسلىپ تۇرىمەن
ۋاقىت شىخىغا
ئاي
باشلاپ كەلدى ۋاقىتنى ئاستا.
يۇلتۇزلار بىر تاتلىق جىمىرلاشماقتا،
تومۇزغىلار چىرىلدىماقتا
ئىتلار ھاۋشىغان جايدىن ...
ھاياتلىق
كېچىدىمۇ بولىدۇ پەيدا.

سەھەر
يۇيۇندى سەممىي
پاكىز دۇئادا.
80 ياشلىق چال
ماڭىدۇ مەسچىتكە
تايىنىپ ھاسا
نەۋرىسى داۋامى ئۇنىڭ دۇنيادا.

مەن
سەھەرگە قول سوزالمايمەن
گۈللەر بىلەن ئىچىلالمايمەن
شەبنەملەردەك سۈزۈك كۆز ياشتا
قۇياش ئۈچۈن ياكى ئاي ئۈچۈن
ياكى

غايىب بولغان
يۇلتۇزلار ئۇچۇن
ياش تۆكەلمەيمەن.
ھەسرەتنىڭ بىر ئۇچى ماڭا باغلانغان
نادامەت تورلىرى ماڭا تاشلانغان
مەن ئېسىلىپ تۇرۇپ ۋاقىت شېخىغا
پۇشايمان كىتابىنى
ۋاراقلايمەن قايتا-قايتا.
...
ۋاقىت يۇگۇرمەكتە ئالدىمدا.




# گۉلسز گىياھ

ئېچلمغان ئۆسۉملۉكلەرنى
گۉل دېيشكە بارمايدۇ رايم.
پورەكلگەن گۉللەر ئەۋجگە
سېغىندۇ كۆڭۉل — پەرۋايم.

كېپنەكسز، بۇلبۇلسز ۋۇجۇد،
ياز ھۆسنگە بولالماس رەڭدار.
گۉل توزۇتقان بەرگلەر ئارا
سۆيگۉ چاقنار، مۇھەببەت يانار.

دېرزىدە گۉلنڭ شولسى
گۉلسز گىياھ نەقەدەر مسكن؟!
تەگمگەندۇر بەلكم پەرۋانە
ئۇ پۇراقسز تاپمدى تەسكن.



# ھاياتقا يۈزلىنىش

كۆنلەرنىڭ قوينىغا كىرەلمىدىم
ياق ـــ
كۆلمەيلا مەن مەغرۇر ياشاۋېرىمەن.
ھەر كۈنى قۇياشقا قىلىمەن سالام
تىرىكلىك تۈيغۇلار مەن ئۈچۈن تىمەن.

دەسسىسىشىم غەنىيمەت ئانا تۇپراقنى
بۇرنۇمغا ئۇرۇلغان ھاۋا سۆيۈملۈك
بىر يۇتۇم بولسىمۇ قانىدۇ ئىچسەم،
ئېرىقتا ئاققان سۇ شىلدىرلاپ، سۈزۈك.

تىك تۇرغان دەرەخلەر ھاياتقا نىشان.
ياپيېشىل ياپراقتا تۇمەن مىڭ سۆيگۈ،
مەيلىلا، يېتەلمەي قالسام باغلارغا
بىر گىياھ، بىر تال چۆپ بېرىدۇ تۇيغۇ.

ئەتراپىم ھەمىشە ئادەم دۆۋىسى
يېقىملىق چىرايلار ئۇچرايدۇ بىرە.
تۇرمۇشۇم بەرمىسىمۇ
ماڭا كۆپ تاقەت
مەن ھامان ھاياتقا سالىمەن
گىرە.

# كۈز ئىشكى

كۈز ئىشكى جەنۇبمۇ، شىمال؟
يېقىنلاپ بارماقتا تۇرنىلار ئاستا.
چۈمۈلىلەر ئالدىراش ئۇۋىسىدا.
قاتماقتا قۇشلار ئۈز پېيىدا.

قەلب ئىشكى ئېچىلدى كۈزگە
ۋاينىغا يەتكەن مېۋىلەر سۆيۈملۈك
ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماقنىڭ
قوللىرىدا كۈز،
قەدەملەر پايانىدا
باشلايدۇ،
يوللارغا، ئۆگزىلەرگە
سېنتەبىر.
تاتلىق كۈلۈمسىرەيدۇ
گۈللەر
ئەڭ ئاخىرقى بەرگىسى بىلەن
ئۆكتەبىرنى كۈتۈۋالىدۇ.
ھەرىلەر، قۇشلار، كېپىنەكلەر.
ئاجىزغىنە قاناتلىرىنى يەلپۈپ،
كۈز ناخشىسى ئېيتىۋاتىدۇ.
كۈز رەڭگىدە ئالتۇن رەڭ
كۈز رەڭگىدە قىزىللىق

لېكىن ئۆكۆنمەيدۇ يېشىل رەڭ ئەسلا،
ئۇنىڭ
ۋايىغا يەتكىنى ئېنىق.
كۆزگە تەۋە كىيىملەر
يامرايدۇ ئۇچىلار ئارا،
دېھقان ئاق رەڭگە تويۇنىدۇ.
سېرىق چەشمۇ ئەمەس ئاڭا يات.
سۆزۈلگەن سۇلار
كۆز ئىشكىدىن ئۆتسە
مۇز كىيىمنى كىيىدۇ قات-قات.
كۆز ئىشكى
ئىككى ياقتا ھوسۇل رەڭ قانات.
قىشنى سېغىنامدۇ
ياكى يازنى؟!
يىغلاپ قالىدۇ پات-پات.

كۆز ئىشكى شەرقمۇ، غەرب؟!
ھەممە ياقتا كۆزنىڭ جىلۋىسى.
ھاۋا سوغۇق قوللىرى بىلەن
تىترىشىپ
سىيلىماقتا تەبىئەتنىڭ چېھرىنى.
تەبىئەت
كۆز قوللىرىدا سىزىلغان رەسىم.
قېنىپ-قېنىپ
باشلىماقچى قىش ئۇيقۇسىنى
ئادەملەرگە ئېچىپ باغرىنى ...

# تامغا قاراش

سىنىڭ ئاقلىقىڭغا تاشلاندى بەخت
ئىگىسىز جاراھەت سويۇلدى بىر-بىر.
بىر چىۋىن، مىليون داغ، غەلىتە سىردا.
سەن گويا ياماقسەن يۇتكەن مىڭ ئەسىر.

چىشلىرىڭ قالمىغان غاجىيالمايسەن،
لېكىن غاجايدۇ زامان بىر-بىرلەپ.
بىرى رەڭ چاچتى شۇنچە پەرۋاسىز،
ھاۋا تۇتتۇلۇپ قار ياغدى لەپ-لەپ.

ئۇ شۇنداق ئازاب «ئۆي» ياسىغىنىڭ
ناتىۋان ۋۇجۇد چەيلەندى بىراق.
ئىشىك-دېرىزە ساختا ئەركىنلىك
نىقابىڭ ئېسىل رەڭ، گۈللەردىن يىراق...

شۇنچە سوغۇق ھەم شۇنچە مەزمۇتلۇق،
ھايات باغرىغا تاشلانغان قىمار.
كىم ئۇتتۇپ ئاخىر، كىم قالار داغدا
ھېچكىم بۇ دەقىقە قىلىنماس ئىنكار.

# كېچىدىكى كۆلكە ئاۋازى


شۇنچە خىرامان
ئايدىڭدىكى چىملىقتىن
ئاڭلىنىپ تۇرىدۇ
كۆلكە ھامان.

سائەت نۆل
تۈن پەرىشتىلىرىمۇ ئۇيقۇغا كەتكەن.
پەقەت ئويغاق بىر توپ ئادەملەر
قەلبىدە يوق ھېچنېمە

قارتا
سالىدۇ ئۇيقۇسىغا ۋەھىمە
ۋاقىت يىغلايدۇ ئويۇن قولىدا،
كېچە خەۋپسىرەيدۇ
ئەتىكى يولدا.
بىر توپ ئەرلەر خىرامان،
كۆلۈشى
شۇنچىلىك راۋان.

ئۆي-ئۆيلەردە
چىراغ كۆيىدۇ.
كۆيىدۇ ئايال يۈرىكى،
ئەقىدە گۈللىرى چىلانغان نىكاھ،
چېقىلىپ بارار تەشتىكى.

كۈتۈش
ھەر كۈنى ئېرىپ تۈگەيدۇ شامدەك
دادىسىدىن
قارتىلا ئۆگەنگەن بالا
ئۇنتۇلماقتا زاغرا ناندەك.
كېچە قوينىدا كۈلكە ئاۋازى
قاراڭغۇغا قاراڭغۇلۇق قوشار بارغانچە.



# مۇنبەرنى قەلبدە يورۇتقان ئىنسان

(داستان)

دۇنيا قىسمەتلىرىگە ئۆرۈلۈپ زەخمەك،
قىسىلغان يۈرەكلەر كەتكەندە سولۇپ.
تەقدىرنىڭ قولىدا پۈرلەشكەن كەچمىش،
توزۇيدۇ ھەر يانغا مىڭ پارە بولۇپ.
تالاي يىل گۇۋاھلىق بەرمەكتە مانا،
تارىخنىڭ قىنىدا ئاققان كېمىگە.
يىغلايدۇ سەھرامۇ تۆكۈپ ئاچچىق ياش،
ئېيتقىنا سەۋەبىن يىغلار نېمىگە؟

1

سوغۇق قان ئالەمنىڭ باغرىنى مۇجۇپ،
ئېچىلدى بىر غۇنچە نامرات كۈلبىدە.
ئانىنىڭ مېھرىدىن كۈلدى بىۋاقىت،
پارلىدى سەبىيلىك غۇربەت چېھرىدە.
سوغۇق سۇ، ئېتىزلىق، بېزەكسىز ئۆيدە،
ئون سەككىز قىش باھار ئۆتتى ھەمدە ياز،
ھاياتلىق ئاچىلى تەمترەتكەندە،
شوخشىدى كۆكرەكلەر كەلگەندە ئاياز.
تەقدىرگە ھەي ئىستت نېمە دېگۈلۈك؟
بوپ قالدى يېزىدا نامرات مۇئەللىم.
جەننەتنىڭ بەختىنى كۆردى ئۆزىدە.

ئاھ، سەبىي يۈرەكلەر قىلغاندا تەزىم.
پۇچۇق گار، پارتىلار، ئەينەكسىز ئىشىك،
پەرۋاسىز كۆزىدە قىلدى تەبەسسۇم،
يالاڭ پۇت، يوچۇنلا ئۇستىۋاشلارمۇ،
بىلىندى قەلبىمگە ئەجەبمۇ ئەسۇم.
بىھېساب مېھرىنى تېكىپ باغرىغا،
پەپىلەپ چوڭ قىلدى نۇرغۇن باچكىنى.
توپىلىق يوللارغا چېچىپ ئىللىق نۇر،
ياراتتى زەپ ئېسىل ھايات قاينىمى.

2

تۇرمۇشنىڭ كاتىڭى بەكمۇ رەھىمسىز،
تىنچسىز ھېسلارنى ئېتىدۇ تەقدىم.
تېرىكىشىپ، تىرمىشىپ ياشايمىز ھامان،
ئەتىنىڭ غېمىنى ئېلىپ بىتتىنىم.
كۆڭۈللۈك ھاياتقا چېقىلدى چاقماق،
بوش قالدى سىنىپتا ئىككى-ئۈچ پارتا.
دائىملىق ئادەت بۇ كۆنمەي نەئىلاج،
ئۇلارنىڭ ئۇچۇرى كېلەر قاي ۋاقىت؟
سۆيۈملۈك ۋېلىسىپىت بولدى پەر قانات،
شۇ تونۇش مەھەللىگە ئۈچتى جانىجان.
ئوقۇشسىز ھاياتتىن نە مەنە چىقار؟
قەلبىدە خىياللار ئۈزىدۇ پىنھان.
كۆزلىگەن نىشانىنى كۆرگىنىدە ئۇ،
يېقىملىق بىر تۇيغۇ سۆيدى قەلبىنى،

شۇ سەبىي يۈرەكنى قۇتقۇزسا ئەگەر،
چىقاتتى بەكمۇ تېز، يولنىڭ ھاردۇقى،
لايىسۇۋاق نامرات ئۆي باققاندا ئاڭا.
تېنىنى قاپلىدى ئەسەبىي تىترەك.
«پۈررىدە» ئۇچۇشقان قۇشلارنىڭ پېيى،
بىلىندى بەرگەندەك ئىشلاردىن دېرەك.
نەقىلسۇن تۇيۇقسىز ھاۋشىغان ئىتقا،
تەڭ كەلسۇن قانداقمۇ مۇئەللىمە قىز؟
غىل-پاللا كۆرۈنگەن چىرايلار ئارا
بىلىندى سەۋەبمۇ، ئەمەس تۇيۇقسىز.
چىدامنىڭ قولىنى تۇتۇپ ئاخىرى،
خەتەرنىڭ ئالدىدىن كەتتى يىراقلاپ،
ۋە لېكىن دەزلەنگەن يۈرەككە ئىسست!
يانارمۇ ھەر نۆۋەت كۆزنى ياشلاپ.
ھەر ئۆينىڭ ئالدىدا ئوخشاش ئاقىۋەت،
تىل-دەشنام، ھاقارەت تەيياردۇر، تەييار،
تاغ كەبى چوڭ ئىشمىش دېھقان ئاتىغا،
باللار بولسىلا ئېتىزلىقتا يار.
تولغاندى ئەلەمدە بىغۇبار يۈرەك،
قوينى كەڭ مەھەللە قويغاچ ئۈمىدسىز.
مەكتەپتىن قېچىشنىڭ زىيىنىنى بىلمەي،
تەمتىرەپ يۈرەرمۇ سانسىز ئوغۇل-قىز؟
قوينى كەڭ مەھەللە چۆمدى سۈكۈتكە،
دائىملىق ئادەتكە گۇۋاھچى بولۇپ،
ھەمملا مۇئەللىم دۇچ كەلگەن قىسمەت.
گوياكى يۈرەككە سالدى بىر قۇلۇپ.


## 3

مائاشسىز ئۈچ-تۆت ئاي ياشىماق بەك تەس،
ھەرنەرسە پۇلغىلا تۇرغان دۇنيادا.
ۋە لېكىن، مۇئەللىم سەۋر-تاقەتلىك،
ئويغىتار ئۇلۇغ ھېس ھەر دىل، گىياھدا.
ئۇمۇ ھەم ئەل بىرلە باغلىدى بەلنى،
جاپادا، راھەتتە ياشاش ئۈچۈن تەڭ،
مۇنبەردىن چۈشمىدى، ھەر سائەت-مىنۇت،
نامراتلىق، ئاچلىققا ئېلان قىلدى جەڭ.
تۇيۇقسىز مەكتەپتە يېڭى بىر ئۇچۇر،
مائاشنىڭ قەدىمي — گۈل تۇتتى مانا.
بايرامدەك شادلىقتىن كۈلدى يۈرەكلەر،
كۈلۈشتى ئۆيدىكى بوۋاقمۇ ھەتتا.
ئاھ لېكىن تەگكىنى ئۇقسام بەكمۇ ئاز،
دەل سۇ، توك باغرىغا سىڭىپتۇ پۇللار،
ئىئانە، توي، چاي ھەم خەتنە تويلارغا،
بۇرۇنلا ئىمزانى قويۇشقان قوللار.
كۆرگەندە بىۋاقىت «بور، دوسكا پۇلى»
تورلاشتى كۆزلەرمۇ، قايدى ھەتتا باش،
پاھ ئەمدى تۇتىمىغان شۇ پۇل قالغانمۇ؟!...
يىغلاشنىڭ پەقەتلا يوقتۇر ھەم ئورنى،
بولغاندى تېنىگە تەگكەندەكلا تاش.

## 4

مائاشسىز قاراقسىز ئۆتكەن تۇرمۇشتىن،
تەسەللى ئاستىلا كەتتى يىراقلاپ.
ۋە لېكىن، ئايدا بىر كەلگەن مۇپەتتىش،
ئۆتىدۇ يۈرەككە ئەندىشە تاشلاپ.
ئۇمۇ ھەم باھالاش سىرتىدا ئەمەس،
سۈپەتنى ئوڭلاشقا تىرىشار كۈن-تۈن.
كەلمىگەن بالىنى ئارىيەت ئېلىپ،
كۆرستەر سىنىپنىڭ سانىنى پۈتۈن.
باشقىلار قىلغاننى قىپ سالدى نەھال،
(ۋىجدانغا مۇخالىپ، مەيلىچە ئەمەس)،
نىشانغا يەتمىسە سۈپەت، سان، ئۆلچەم،
مائاشسىز مەكتەپتە كۈن ئۆتكۈزۈش تەس.
ھەممە ئىش تاقالغان پۇلغىلا ئىسىت!
ئويلىسا ئەۋلادنى كۆيىدۇ يۈرەك.
مۇپەتتىش ئۆلچىمى بولغاچقا ئېغىر،
ساختىلىق ئۈن-تىنسىز قانات يايىدۇ.
بۇ ئايدا يەنىلا مائاشسىز قېلىش،
بەك ئېغىر تۇيۇلار مەكتەپلەر ئارا.
كېسەلدىن ئىڭرايدۇ ئاغرىقچان ئانا،
مەكتەپتە بالىمۇ ئۈمىدسىز يانار،
ئاچىسىنىڭ قولىغا تەلمۈرۈپ كۈندە،
سىڭىللار مەكتەپكە ماڭار جىممىدە.
تۇرمۇشنىڭ غېمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن،

كۆنەيمۇ نە ئامال بىزنىڭ مەھەللىدە؟
ۋە لېكىن، تىنىمسىز قىسىلار يۈرەك.
يول كەڭرى، ۋە بىراق، چارە-تەدبىر ئاز.
مەكتەپتە بۇرۇقتۇم روھىي كەيپىيات،
بولغاندەك گوياكى ساپ ئالتۇنلار خار؟!
ئۆتمەكتە بۇ ھايات، بۇ ئايلار، كۈنلەر،
مەھەللە، ئۆي، مەكتەپ ئارىلىقىدا ھەم.
مۇئەللىم تىز پۈكمەس روھىي ئىنژېنېر،
ئەۋلادنى يېتەكلەپ قىلار مۇجەسسەم.
تاۋلىدى تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق بورىنى،
سەبىي يۈز، بىغۇبار سانسىز كۆزلەرنى،
مەكتەپ ھەم مۇئەللىم دۇچ كەلگەن تەقدىر،
ئۆتىدۇ ھەر كۈنى سىيپاپ يۈزلەرنى.
ئۆلمىدى، ئۆلمەيدۇ يۈرەكتە ئارمان،
ھاياتنىڭ شاۋقۇنى توختىماس مەڭگۈ.
مۈشكۈلات ئىچىدە ئۈمىد، ئىشەنچ بار،
مۇئەللىم — تائەبەت يانغان چوغ-تۈيغۇ.



# ئايال دەرياسى

(داستان)

**مۇقەددىمە**

چەكسىزلىككە سىغدالغان دەريا،
ئۆركىشىگە ئۆركەشتۇر ئوكيان.
پىلىلدايدۇ يەڭگىل سۇ يۈزى،
بار ئاستىدا تاشقىنلىق قىيان.

چايكىلارنىڭ قانىتى ھەسرەت،
بىراق ئەركىن ئوينايدۇ بېلىق.
مۇز ئۈستىدە قومۇش رەڭلىك ئوت،
ياق يۈرەكنىڭ كۆيگىنى ئېنىق.

1

قەدىمنىڭ قولىدا توقۇلغان تارىخ،
ئۆتۈكەن باغرىدا گۈللىدى ئۇزاق.
باتۇرلۇق تامچىتتى قىلىچنىڭ بىسى،
ھاياتلىق ھۆسنىگە ياندۇرۇپ چىراغ.

ياپپېشىل يايلاقلار نەپىسلىكىنى،
قالدۇردى غۇنچە بوي گۈزەللىرىگە.
يىگىتنىڭ قەلبىدە ئەسەبىي ئىستەك،
ياۋايى تۇغۇمدا كۆيدى گۈررىدە.

ئوغۇزنىڭ چوشىدە ئايان لەۋەن قىز،
بويىدى جىلۋىسى شەپەقنى ھال رەڭ.
لاتاپەت خەنجىرى تىلغاندا دىلنى،
چاقندى چىن سۆيگۈ قوياش بىلەن تەڭ.

جۇشقۇنلۇق ئىچىدە كويلەر كۆل بويى،
شەبنەملەر قانىتى تورزۇتتى ئاق پەي.
ئاھ، قىزنىڭ يۈرىكى مۇقەددەس يۈرەك،
زەربەست ۋۇجۇدمۇ ئېگىلدى نىتەي.

قىرىق كۈن ئۆرۈلدى قىرىق كوكۇلا،
توي ئەۋجى قىزلىقنىڭ ياپتى تونىنى.
«كۈن، دېڭىز، كۆك» بىلەن يورۇدى زېمىن،
ئېسىلىپ ھاياتنىڭ ئېسىل چېچىكى.

ئانىلار باغرىدا ئالەمچە مېھىر،
قەھرىمان ئوغۇلچۈن ئاقاردى چاچلار.
ئانىنىڭ تومۇرى شۇۋۇلداتقان قان،
ساداقەت ۋاپادىن چاچراتتى ئىپار.

ئۆتتوكەن ئېتىكى لالە رەڭلىك گۈل،
سەممىي قىزلارنى كۆكلەتكەن باھار.
ئاتلارنىڭ كىشنىشى تەسەللى ئەرگە،
قارامىلىق قىنىدا مۇھەببەت يانار.

ئېتىقاد كۈيىنىڭ يۈرىكى بەك توم،
چىن ئىخلاس بېغىدا ئېچىل جىمى جان.

چىن سۆيگۈ قىسسىسى پۈتۈلۈپ تالاي،
رەنالار بوينىغا ئېسىلغاي مارجان.

2

قەشقەرنىڭ يۈرىكى سوقتى بىر تاتلىق،
سەھەرنىڭ پەردىسى يېپىلغىنىدا.
مەرىپەت مەشئىلى يانغاندا نۇرلۇق،
ئەل-ۋەتەن جېنىنى ئەيلىدى پىدا.

ياشاردى قوز-ئوردا بالاساغۇنلار،
يىپەك يول گۈللەتتى سۇلى، ئۇدۇننى.
ئېچىلىپ ئۇلۇغ مەدەنىيەتتە،
قىزىدى ھەتتاكى سودا كارۋىنى.

ئەرلەردە مەرىپەت، ئايالدىمۇ ھەم،
ئوپالدا رابىيە ئېچىلدى گۈلدەك.
چاقنىدى ئەقلىدە كۆكتە بىر چولپان،
ھەۋەسكە ئىمكانسىز ئىنتىلەر يۈرەك.

ھاياتنىڭ چېھرىدە شەپەق رەڭ جۇلا،
ساداقەت شەمشىرى ئوينايدۇ بەك تۈز.
ئاقىدۇ مېھنەتسىز چېھىر دەرياسى،
سۆزلىرى تەپتىدە ئېرىتىپ توڭمۇز.

جۇلالاپ بوي بىلەن مۇھەببەت تەپتى،
ۋاپانىڭ ئىلكىدە سىغدالدى دۇنيا.

كامالەت بابىدا جىلۋىگەر ئەقىل،
شاھزادە قەلبىگە بولدى تۇتىيا.

شەرقىنىڭ ئۆزۈلمەس كۆي ناۋاسىدەك،
مەھمۇدنى تەۋەللۇت ئەيلىدى زېمىن.
قاراخان دىيارى شادلىق ئەۋجىدە،
تاشكەنت، باغداتمۇ تەۋرىدى بىردىن.

ئانىلىق مېھرىگە چۆمۈلدى مەھمۇد،
ئەقلىنى كۆكلەتتى ئانىلىق ھايات،
ئانا ئۇ مەڭگۈگە يىقىلماس بايراق،
ئانىسىز دۇنيانىڭ ھەركۈنى مامات.

## 3

نۇر باغرى كۆيىدىن تامچىغان يۇلتۇز،
ئەكەلدى تىزناپقا ئالەمچە قەدىر.
چاچرىدى يۈرەككە ئوغۇز رەڭ ئۇچقۇن،
ئاي، قۇياش، سۇ، دەريا، قومۇشلار ئەسىر.

خۇش ناۋا تاراتتى لالە رەڭلىك گۈل،
چېكىلىپ قەلبلەر بارماقلىرىدا.
سەئىدخان خانلىقى رەناسى بولۇپ،
ئەيلىدى كۆيىدە دىلنى مەھلىيا.

تۇغۇلدى ئۇن ئىككى لەززەتلىك يۈرەك،
شۆھرىتى ئۇيغۇرنى قىلدى بىباھا.

نەفسە ئاتىقى ياندى لاۋۇلداپ،
ياندى ھەم ئوت بولۇپ جانىجان ئاتا.

ئەقىل ھەم ھۆسنىگە قايىل بولدى شاھ،
مۇزىكا سېھرىدە ئېرىدى مېھىر،
جاھالەت توختاۋسىز تۇتقان پەردىنى،
قەيسەر كۆچ ئەۋجىدە يىرتتى بىرمۇبىر.

ئېرىتتى جاپانى شېرىن ئاۋىدە،
قۇتقۇزدى ئەڭ بۈيۈك كۈينى ناۋانى.
ئاياللار سەردارى، سەركەردىسى بوپ،
تەۋرەتتى ئاخىرقى يېرىم دۇنيانى.

## 4

يارالدى قەشقەردە تالاي قىسسىلەر،
باتۇرلۇق قەلبىدە ئۇرغۇغان قىزغا.
سۆرگۈنىنىڭ تەمىنى تېتىپ باشقىچە،
ئۇزاتقان ئانا يۇرت، يىراق ئىلىغا.

يارىسىز، ئاتىسىز يېگانە يۈرەك،
تارغاقسىز چۇۋۇلغان چاچلارمۇ مىسكىن.
يات قوۋم خوۋلۇقى، ئاھ جانغا ئىكەك،
بىر ھەررە پۈكۈلمەي ئۆتتى تېز، لېكىن.

قومۇشلار كۈيلىرى ئەجەبمۇ شېرىن،
يېشىللىق تۇغۇمى بەردى باشقىچە.

سۈيىنى ئايىماي ئانا دەريامۇ،
ئېرىدى مېھىرلەر ھەتتا تاشقىچە.

جەسۇرلۇق بايرىقى لەپىلدەتكەن قىز،
ئۈمىدكە بەك مەزمۇت قىلىندى قامال.
كۆيدى سۇ، قومۇشلۇق، ياق كۆيدى يۈرەك،
كۆيگەندەك گوياكى ئۈمىد ۋە ئامال.


چارىنىڭ قولىدىن چۈشتى سىيرىلىپ،
ئاخىرقى تېرىكىشىش، ئاخىرقى قېچىش.
ساداقەت پەردىسىنى يىرتالمىدى ئاھ،
بىر نازۇك بەدەننى خورلاش، ئېچىتىش.

تىترىدى لەرزىدىن نەچچە ئون جاللات،
ئاداققى تەبەسسۇم ئەيلىگەندە لال.
تىز پۈكمەس روھ قالدى دارنىڭ ئالدىدا،
مۇستەبىت مىڭ پارە، قىلالماي ئامال.

نۇزۇكئاي، چولپانگۈل ئەڭ ئۇلۇغ ئىسىم،
ئەسىرلەر قوينىدا ئۆتتى جۇلالاپ.
پاك-سۆيگۈ باتۇرلۇق قالدى مىراسقا،
يىگىت-قىز قەلبىدە مەڭگۈگە پارلاپ.

رابىيە ئەقلىگە ھەيران ئەل-جاھان،
سېغىنىش دەردىنى تارتار ئانىجان.
زۆھرەنىڭ قەبرىسى ئېھ مۇڭلۇق قەبرە،
موھتاجسەن قىپقىزىل گۈلگە ھەرقاچان.

چەكسىزلىك ئىلكىگە سىغدالغان دەريا،
دولقۇنى تىنىمسىز ياسايدۇ قىيان.
تارىخنىڭ ئىشكى قىيالىرىدا،
چاچرىتىپ بۇژغۇنلار بەكمۇ خىرامان.



# ئۈنتۈلغان لەۋسۇرۇخ

ئۆكتەبىرنىڭ قولىدا،
ئۈزۈلمەكتە غازاڭلار بىر-بىر.
ئالتۇن رەڭلىك يوپۇرماق،
چۈش شامىلىدا.
ئۇچىدۇ پىر- پىر.
ئالدىراش قەدەملەر،
كۆزگە كىرىپ كەلدى ئالدىراش،
ئۈرۈمچىنىڭ سۇنۇق باغرىدا،
بىپەرۋالىق
لەۋسۇرۇخقا سوۋغا قىلدى
ئازابلىق كۆز ياش.
قىممەت پۇللۇق سومكىدا،
قىممەت پۇللۇق لەۋسۇرۇخ
قاندەك قىزىل تىلىدا
قىلىپ قويدى كۆكۈلنى بەگۈاش.
دەزكېتىپ قالدى جانان چىننىگە
يۈرەكنىڭ قېتىدا قاتمۇقات ئازاب
بىر سوغۇق تىترەكتىن جىغىلداپ ۋۇجۇد
دوستلارنىڭ مېهرىنى قويمىدى ئاياپ
ۋاقىتنىڭ قىنىدا ئۈزۈلمەس كۆنلەر
تېلېفون جاۋابسىز، سىمىلدار يامغۇر
ئۇيقۇسىز تۈنلەرمۇ سارغايدى ئاستا،

كەچكۈزدىن بۇلۇتلار بەرمەكتە ئۇچۇر.
بىر تاللا لەۋسۇرۇخ

ھال رەڭ ھېسسىيات

كۈنلەرنىڭ باغرىغا قۇش قوندى لەپ-لەپ.
بەك بالدۇر ئاينىغان كۈز كۈنى ئىچرە
ئەپۇلۇق بىر كۆڭۈل ئىزدەر ئىلتىپات.



## مەن بۈگۈن يەتمىدىم يارنىڭ ھالىغا

تۈنۈگۈن يەتمىدىم يارنىڭ ھالىغا
ھىجراندا داغلاندى مۇجۇلغان يۈرەك
سۇ قۇيماي ئۆتكۈزدۈم تالاي يىللارنى
بۈگۈن گۈل مەن ئۈچۈن ئاچماپتۇ پورەك.

تۆكۈلگەن ياشلارغا قىلمىدىم پەرۋا
بىرەر كۈن قىلمىدىم ئۇنىڭ قەدرىنى،
سۆيۈلمەك نەقەدەر مۈشكۈل ھە، بۈگۈن
مېھرىنى ئاچماپتۇ باھارغا سېرىن.

ئاھ سېرىنگۈل كەبى تۆكۈلدۈم مەنمۇ،
بۇ ياشلىق ئەمەسكەن مەڭگۈ ئۆمۈرلۈك.
سۆيۈشكە مۇيەسسەر بولالمىغاندا
قۇشلارسىز ياش تۆكتى مەن تىككەن گۈللۈك.



# مارت ئېيىدىكى ئۈرۈمچى

مارت ئېيىدا ئۈرۈمچى
قۇياش نۇرى شۇقەدەر راھەت
گۇناھ
گۇگۇم قوينىدا
قان رەڭلىك شارابقا ئايلىنىپ،
ئايالارغا بەرمىدى تاقەت.
سۆيۈلۈپ چۈشكەن ئەركىنلىك
شارقىرايدۇ سۇخانىدا
كۆزلەردە لىق ياش
ئانا يىغلايدۇ جايىنامازدا.
بالا
بىخ بولۇپ كۆكلىمەكتە
ئىشىك بوسۇغىسىدا.
ئەتىرنىڭ بازىرى چىققتى.
ئەرلەرنىڭ پۇراش سېزىمى ئاجىز
يامغۇر سىمىلدايدۇ
يوللار پاتقاق،
دەلدەڭشىگەن تاكسى
ئۈزاپ كەتتى
مەڭزى قىزىل، ئايالار كوچىسىغا......
مارت ئېيىدا ئۈرۈمچى
قۇياش نۇرى نەقەدە راھەت،
چولپان ئۇخلاپ قالدى ،
ئايال، كېچىدە بىتاقەت.

# باھارنى كۈتۈش

مارت ئېيىدا باھارسىز،
كۈتمەكتىمىز چېچەكلىك كۈننى.
جەنۇبنىڭ ئاپتىپى بالدۇر كېلىدۇ،
شىمالدا خىرامان قار ياغقان كۈنى.
دىماغقا ئۇرۇلغان توپا بەك ئاچچىق،
شىمالنىڭ سوغۇقى ئەدەر ئېھتىمال .
جەنۇبنىڭ باھارى گۈل ئاچقان دەمدە
شىمالدا باش باھار بولىدۇ
نورۇزلۇق كۈنلەردە
غازاڭسىز باغلار
بورانىنىڭ شەپىسى كۆكۈلگە سايە
جەنۇبتا يالاڭ پۇت دېھقان ئالدىراش،
شىمالدا باھارغا يۈرەكلەر پارە.
خوتەننىڭ قارلىغىچى سايرايدۇ بالدۇر،
ئالتاينىڭ تېغىدا قار- مۇز يالىلدار،
قەشقەردە تال چېچىق ياشارغان دەمدە
غۇلجىدا تارتىنىپ كېلىدۇ باھار.
مارت ئېيى ئۇرۇمچى بۇلۇتلۇق ھەمدە
كوچىدا قارلارسىز قىزنىماس سالام.
بەك قىزىق چوڭ يۇرتتا باھارنى كۈتۈش
باھارغا چوڭ-كىچىك بەردى ئېھتىرام.

# سېغىنىش

تېلېفون جىرىڭلايدۇ يېقىملىق
ئېرىيدۇ يۈرەكلەر ئاشۇ دەقىقە
«ئانا، ئامانمۇ سىز»
ياشلار تۆكۈلىدۇ مۆللىدە
بالىلار پاناھسىز،
دادا مېھرىدىن.
يىراق شەرقتە سېغىنىش،
ئۈرۈمچى ئايالنى يىغلىتىدۇ
ھىجران بىلەن ئۇزىماقتا قىش.
تىلغا باغلانغان قەلبتە
چىدام قولىغا ئالىدۇ ھەممىنى
باھاركېلىۋاتىدۇ چىرايلىق
قارلىغاچ كەبى
ئانىمۇ ئۇچار بىر كۈنى ......



# بالا يىغلىدى


بالا يىغلىدى
ئۇماق يىغا
ئېقىپ كىردى يۈرەككە،
ھىجران
بالىنى
يەتكۈزمىدىمىكىن
تىلەككە؟!
ئىككى مىڭ كىلومېتىر ئارىلىق
تاغلاردا قارلار بار
يۈرەكتە باھار،
تۇرمۇش
ھىجران بىلەن ئوينىشىپ،
سېغىنىش ئوتىنى
قەلبكە سالار.
ياش يۇقى كۆزىدە،
ئانا ۋە بالا
سېغىنىش يۈرەكتە
قۇياشقا قارار
تېلېفون سىمىدىن تارىغان سۆيگۈ،
ئەتە جىمجىت سۆيگۈ بولۇپ
يۈرەككە تارار.....

# مەن باھارنىڭ قوينىغا كىردىم

يۈرەكلەردە مۇھەببەت ھىدى،
«سەن باھارنى سېغىنمىدىڭمۇ؟»
سەنسىز يالغۇز باغلارنى كەزدىم،
كۆرۈنمىدى قىردا ئىزىڭمۇ؟

مەن باھارنىڭ قوينىغا كىردىم،
تەنھالىقتىن قاچقىلى يىراق.
قۇشلار سايراپ يۈرەر چۆرەمدە،
ئۇنتۇلارمۇ شۇندىلا پىراق.

يېشىل ئوتلار چېچەكلىك باغلار،
ئاپرېل ئېيى تەنھا مەن، تەنھا.
ئۈرۈمچىنىڭ باغرى بەك سوغۇق،
تەنھالىقتا يۈرەكلەر سەۋدا.



# قۇلۇله بىلەن سىردىشىش

توپا رەڭ قاسىراقلىق
ئوماق،
كىچىككىنە قۇلۇله،
قاراپ قويىدى يۇمشاققىنە.
ئالىقىنىمدا
يوق بېشى
يوق سۆيۈملۈك
مۈڭگۈزى.
تۈگۈلۈپلا قالدى
مەن يامغۇردا تۈگۈلگەندەك،
جىمجىت گۈل تۈۋىدە،
ئەمدىلا بىخلانغان،
تۆت قۇلاقنىڭ ئاستىدا
تىترەش ئىچىدە ياتقان
ئوماق قۇلۇله.
شىر- شىر يامغۇردا،
كۆنلۈكسىمان قاسىرىقىدا.
ئۇ چۈشەنمەيدۇ دۇنيانى،
لېكىن چۈشىنىدۇ.
بىرسىنىڭ ئالىقىنىدا ئىكەنلىكىنى.
ئۇ تونۇمايدۇ يولنى
شۇڭا دەسسىلىپ كېتىدۇ

يامغۇرلۇق كۈنى....
تەنها ئەمەس قۇلۇلە
يامغۇردەك يېيىلغان
گۈللۈك ئىچىگە،
مەن ئۇنى ئاۋايلىدىم.
ئالىقىنىمدا
يامغۇر ئەمەس،
كۆز ياش ئېقىپ چۈشكەندە ئۈستىگە،
ئۇ
قىمىرلاپ قويدى سەلگىنە،
يەرنى ئىزدىدى ئېھتىمال،
چاقنىدى سۈزۈك كۆزى
گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىدە....



# ئاقلىدىم ئۆزۈمنى يەنە بىر نۆۋەت

گۇناھ يامغۇرلىرى ياغماقتا سىم-سىم،
ئۇ چېچەك بەرگىنى تۈزۈتتى رەت- رەت.
قايتىشقا رايىم يوق قاراڭغۇلۇقتىن،
قەلبىمنى غاجايدۇ ئاسىي مۇھەببەت.

پاكلىنىش ئويىدا بولۇپ باقمىدىم،
بىر مەنلا ئەمەسقۇ بۇ يولدىكى دەپ.
باھار، قىش، ئەتىياز ئوخشاشلا پەسىل،
مەن يەنە تۇرىمەن تۇماندا لەيلەپ.

بۇ ياشلىق، ئەتىدە مەن يەنە ياشقۇ،
باھانە ئەجەب جىق ئازغۇن قەلبكە.
ئاقلىدىم ئۆزۈمنى يەنە بىر نۆۋەت،
ئۆڭگەن شۇ ئىزلىرىم چۈشسە ئېسىمگە.

يېقىملىق كۈنلەرنى ئەكەلدى باھار،
بىلمەيمەن غۇنچىلار قانداق ناتىۋان؟!
ماڭىمەن نىشانسىز قەلبىم پەسلىدە،
مەن ئۈچۈن يورۇق دەپ يەنىلا جاھان.

# جەنۇبلۇق قىز

(زۇلپىيەگە)

ئۇزۇن چاچلىرى يۇرەككە
ئۇزۇن-ئۇزۇن سىغىنىش سىلىپ،
باھار چېچەكلىرىدەك
قىزارغان مەڭزىدە
سۆيۈملۈك ھىجرانىنى ئېلىپ،
كىرىپ كەتتى بۇلۇت ئىچىگە،
ئاپرېل ئېيى
تۇرۇپ قالدۇق جىممىدە.
يۇرەكلەر
كۆزلەر
ئۈنسىز پىچىرلىشار ئەسلىدە.
ئۇزىماقچى بولىدۇ
يۇرەكتە ئارمان
ئۇچۇشقا ئاخىر ئېچىلدى بىر يول.
ئەجىر كۆكلەيدۇ،
باھار ئېيىدا
ئۇنىڭ كۆزلىگىنى ئەمەس پۇل.
قانۇن ھەم
چىرايلىق ئوماق بىر قىزچاق.
چوغدەك ئۈمىدنى تېڭىپ باغرىغا،

ئۇرۇمچىدىن يىراقلىشار ئاستا،
ئۇياتچان چىچەكلەر ئۇنىڭ قولىدا،
كۆكلەم سوۋغا قىلدى
بەلكىم بىر بالا.
يوپۇرغا —
شىئەننىڭ ئارىلىقىدا
سېغىنىش تولا
بەك تولا.....
ئۇزۇن چاچلىق جەنۇبلۇق قىز،
ئەقىل بىلەن چىقىرىپ قانات.
قايىل قىلىپ ھەممىنى
يىراقلاردا
گۈللەتمەكچى بولىدۇ ھايات،
بۈگۈن كەتتى ئۇزاپ،
ئەتە
ماڭغان يولى بولىدۇ ئاۋات،
ئەسلەپ قالىمىز ئۇنى پات-پات.



# ھىجران

يۈرەكنى تىلغايدۇ ئېغىر بىر ھەسرەت،
باھارمۇ بىۋاقىت سولدۇردى ياپراق.
ھىجراندا ياش تۆكتۈم سەۋرسىزلىكتە،
ئاھ! سۇندى بۇ كۆڭۈل، سۇنغاندەك قانات.

مەن ئۈمىد ئىزدەيمەن ئەتە قويىنىدىن،
ۋە لېكىن ئەتىلەر يەنىلا رەڭسىز.
تەنھالىق جېنىمغا پاتماقتا يەنە،
مەمتىمىن، دوزاختەك قىينالدىم سەنسىز!

ياشىماق تەس ئىكەن يېقىنلىرىمسىز،
ناتونۇش چىرايلار ماڭا بىپەرۋا.
يېقىنلىسام كىم يۆلەپ تۇرغۇزار مېنى،
بىر سەنسىز قەلبىمگە تېپىلماس داۋا.

قەدىرىڭنى تونۇتتى چېچەكسىز باغلار،
سىن بەرگەن رەڭگىمگە ئۆزۈڭ ئىكەنسەن.
يۆلەنگەن تېغىمدا كۆكلىسۇن باھار،
بولغىن سەن يىراقتا ئامان ۋە ئېسەن.

# يامغۇرلۇق كۈن

ۋاقىتنىڭ نەقەدەر ئۇزۇنلۇقىنى
ھېس قىلدىم باھارنىڭ يامغۇرلۇق كۈنى،
دېرىزە يېنىدىن كەتمىدىم پەقەت.
ئۈزمىدىم ئىشىكتىن ھەتتا كۆزۈمنى.

تېلېفون تۇيۇقسىز بوپ قالدى تىلسىز،
نەم ھاۋا بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى ئاچچىق.
توزۇغان چېچەكلەر چۈشسە ئېسىمگە،
كۆز ياشلار بىر ماڭا بولىدۇ تالىق.

سۆيۈملۈك ئاسمانغا قارىدىم بىر رەت،
قاپقارا بۇلۇتلار شۇقەدەر ئېغىر.
ھىجران دەردىنى تارتىمەن يالغۇز،
يېشىلەر قاچاندا قەلبىمدىكى سىر؟!



# ئاپرېلنى ئۇزىتىش

ئاپرېل ئېيى كەتمەكتە تۇزۇپ،
هال رەڭ چېچەك قۇرۇدى شاختا،
گۈللۈك دەرەخلەر يېشىللا بوگون،
چېچەك بەرگى قالغان چىملىقتا.

سىرىنگۈللەر چېچىپ خۇش پۇراق،
ماي ئېيىغا كىردى ئۆيىلىپ،
30-ئاپرېلنىڭ بېتى،
ئاستا-ئاستا بارماقتا سولۇپ،

باهار ئېيى ئاجايىپ هالەت،
بىرى تۇزۇپ، بىرى گۈل ئاچقان،
ئىللىق كۈنگە ئىنتىلىپ هەممە،
ئەنە شۇنداق ئايلىنار جاهان.

قانماس يۈرەك گۈزەل كۈنلەرگە،
تۇزۇغانغا قورققۇلۇق ئەمەس،
زىنىنتى كۆپ تەبىئەتنىڭمۇ،
هەرخىل يولدا بېرىدۇ هەۋەس.

# رىزۋانگۈل بىلەن ئۇچرىشىش

(ياش يازغۇچى رىزۋانگۈل يۈسۈپ خاتىرىسىگە)

ماي ئېيىدا
گۈلدەك ئېچىلىپ
پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتىغا،
كىرىپ كەلدى، رىزۋانگۈل
گۈللەرگە تولۇپ كەتتى مەكتەپ ئىچى،
قۇشلارنىڭ سايرىشى بەكمۇ يېقىملىق
چىملىقلار سالام بەردى
ئىللىققىنا، سۆيۈملۈك.
دەرەخلەردە جىملىق،
مەن
قۇچاقلىدىم بىر تۇتام گۈلنى
يۈرەكلەردە مۇھەببەت ھىدى،
جىمجىت پاراڭلاشتۇق
يۈرەكلەر قانىمىغان چېغى.
سازاڭلار
مېڭىپ يۈرەر پۇتىمىزدا،
ھېلىلا
يامغۇردا يۇيۇنغان ھاۋا
سېرىنگۈلنىڭ پۇرىقىنى،
تەقدىم قىلدى دىمىغىمىزغا

سۆرەتچى بىزنى خۇش قىلدىمۇ؟
ياكى بىز ئۇنى
جۇلالىق يوپۇرماقلارغا قوشۇلۇپ،
تورزۇۋاتقان چېچەكلەر ئارا
قالدۇرۇپ قويدۇق كۆلكىمىزنى.

باھار ئاخىرلىشىۋاتىدۇ،
بىز چۆشۈۋالدۇق سۆرەتكە
ئەڭ ئاخىرقى باھار بىلەن.
سېرىنگۆللەر بەرگىندە كېپىنەك،
ناخشا ئېيتىپ بەردى قۇلىقىمىزغا؛
«باھار لەۋەن،
ئاھ، قىزلار لەۋەن!!...»
قول تۇتۇشۇپ،
كىرىپ كەتتۇق ماي ئېيىغا
گىرەلەشكەن، ئايرىلماس قەلبىمىز بىلەن...



# يارىمنىڭ تېلېفونى


ئوتتەك يورەككە
قاپقارا سىمدىن
ئېقىپ كىردى،
قىپقىزىل يالقۇن.

ئۇيقۇسىز تۈنلەرنىڭ باغرىنى يېرىپ،
يېقىملىق سايرىدى تېلېفون
كۆلكە كەلدى چىرايىغا،
«بولسىكەن، ۋاقىت ئۇزۇن»
شېرىن سۆزلەر تەپتىدە
ئېرىدى قارا كېچە
قويۇلغۇسى يوق تۇرۇپكىنىڭ
تاڭ ئاتقۇچە.

دېرىزە چېكىدۇ شامال،
لېكىن ئۇنى ئاڭلىمىدى ھېچكىم،
ئاي كۆلۈمسىرەيدۇ،
چاقناق كۆزلەرنى
ئۇمۇ كۆرگەندۇ بەلكىم،
يۇلتۇزلار يوشۇرۇنۇۋالدى،
خىجىل بولدى جانان چېھرىدىن.
ئوتلۇق سۆزلەرنىڭ

كەچكىلى بولماس مېھرىدىن.
ھىجران تاتاردى شۇ سائەت.
قەلبلەر ئۇچراشتى چىرايلىق،
ئۇيقۇدىن بىدار كۆزلەردە
سۆيگۈ لىپمۇلىق.

ۋاقىتنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى،
قوي كۆزلۈك ئىككى بالا.
قاتتىق تۇرۇپكىدا مۇھەببەت
تالا-تالا....
سۇسىرىغاندەك كۆكۈللەر
تۇپرۇكنى يۇتىدۇ ئاستا،
شۇئىرلار مۇھەببەت
ئەڭ ئاددىي تىلدا......



# پۇشايمان

كۈنلەرنىڭ باغرىدا سوغۇق قەدەمدە
پۇشايمان يېشىنى يىغلايمەن رەت-رەت.
كۆز ياشلار تۇز بولدى ئازابلىرىمغا،
كۆيدۇ يۈرەكتە ئاسىي مۇھەببەت.

كەچكىلى بولمايدۇ ۋە لېكىن جاندىن،
بەك قىسقا ۋاقىتقا قىستايدۇ دۇنيا.
يۇرتۇمنىڭ قوينىدا ئەتىۋار قەلبىم،
يامغۇرلۇق كېچىدە بولماقتا يارا.

كەچۈرمەي ئۆزۈمنى ساختا كۈلكىدە
يەم قىلدىم ھاياتنىڭ قىيناقلىرىغا،
قولۇمدىن كەتكەنلەر بەك ئەتىۋارلىق،
قانداقمۇ ياشارمان بۇ تار دۇنيادا.



# قىشتىكى قار

قىش كەلسىلا
ئېغىر زۇكامدا ياشايمىز
تالادا تۇمان
كۆز تاشلايمىز ھەممىگە
غۇۋالىق بىلەن.
تېيىلىدۇ ئاياغلىرىمىز
يىقىلىپ تۇرىمىز قارلاردا
پات- پات
قار گۈللىرى ئېچىلىپ
قات- قات
قارلىقلارغا چىقىدۇ قانات.
قارلىق تاشلاش
بىزگە چوڭ ئادەت
پاقلان سويۇش مەردلەرنىڭ ئىشى.
تاپقانلار گۈل كەلتۈرىدۇ
تاپالمىغانلار
ئەكېلىدۇ پىيازنىڭ بېشى.

قىش
ئاجايىپ قىزىق
ئاق كىيىمگە تولىمۇ ئامراق.
دەرەخلەرمۇ

كىيدۇ ئاپپاق ئاياغ.
ئاقلىق
زۇكامنى ھەيدەيدۇ دەيدۇ.
ئېھتىمال
ئاقلىق
پاكلىق تىلەيدۇ.
پاكلىق ئامراق ساغلاملىققا
قىشتا
ئېشىپ كېتەر دورا پۇلى
يەنە كېسەل تاپىدۇ
دوختۇرخانا بىلەن
ئۆي ئارىسى.



# گۈلبوستانغا

(شائىرە، رادىئو رىياسەتچىسى گۈلبوستان ئابدۇقادىرغا)

بەكمۇ بارغۇم كەلدى يېنىڭغا،
سۇغارغىلى «يۈرەك گۈلى»نى.
ئۆگزەڭدىكى ئەركە قۇشلاردەك،
بۇزسام دەيمەن غېرىب چۈشۈڭنى.

قۇرۇتسام گەر ئارمان يوق مەندە،
قۇرۇپ قالغان ياشنى چاناقتا.
بەلكىم بىللە خۇش ئېتەر ئىدۇق،
تەنها دىلنى ئاپپاق قارلىقتا.


مىسرالىرىڭ تەگدى يۈرەككە،
خوشلاشقىنا قىسقا ناخشىدىن.
مەن تونۇدۇم شېئىرلىرىڭنى،
مەنە ئىزدەپ قاچقۇن سۆيگۈمدىن.

غېرىبلىقتىن يۇلقۇنغىن ئەمدى،
ئۇ ئەمەستۇر گۈلبوستانغا خاس.
شېئىر يازاي سەن ئۈچۈن ھازىر،
تىترەك تەننى يۈرىكىمگە باس.

ياز كەچلىرى بىر جۈپ مېھرىبان،
يۈرىكىدە يالقۇنسەن، يالقۇن.
قىشتا قارنىڭ بەرگلىرىدە،
ئارمانلىرىڭ كۆكلەيدۇ گۈلگۈن.

باھاردىمۇ يالغۇز ئەمەسمەن،
يامغۇر بولۇپ ياغدىڭ يولۇمغا.
سېغىنىشقا تولغان بىر خەتنى،
ئېپ بولغانسەن، بەلكىم قولۇڭغا.

ئالتۇنلىرىڭ زەرگەرسىز قالماس،
قەدرىڭ ئۈچۈن كۆيۈمۈم پۈتۈن.
جەنۇب تامان كەلگەن ئاۋازىڭ،
سىيلىماقتا مېھرىمنى، بۈگۈن.



# سىقىلىش


نېمە ئۈچۈن شېئىر يازىمەن
تەسەللى ئىزدەيمەن
كۆكۈل جاراھىتىمگە،
ئىنگلىزچە خەت
ئىمىر-چىمىر
كۆرۈندى كۆزۈمگە
قالمىغاندا
ئەسلىمەمدە ھېچنېمە.
شۇنچە نۇرغۇن
ئادەملەر ئارا
يالغۇزلۇقۇمغا يىغلىدىم.
يىغلاپ، يىغلاپ
يەنە يالغۇز قالدىم.
كوچىدىكى ئادەملەر
ئالدىراشتۇر
ئالدىراشتۇر ماڭا بىپەرۋا.
ئۆرۈمچىنىڭ ياز پەسلى
تۇيۇقسىزلا ئىسسىپ كېتىشى
سېغىندۇردى جەنۇب ئاپتىپىنى
سېغىندۇردى
كۆيدۇرمەيدىغان،
ئىللىققىنە باراگىلىرىنى

مۇزدەك دوغاپىنىڭ تەمىنى تېتىدىم
چۆمۈچ تۇتقان قوللاردا ھاياجان
قاچامدا لىققىنا سۇ
قېتىق ئارىلاش
مۇز قىرىندىلىرىدىن
ياساپ مارجان.
مۇز ئېرىدى
سۇ سوۋۇدى
سوۋۇمىدى شېئىرغا مۇھەببەت
«يەكەنلىككەن»
ئەجەب چىرايلىق ئاڭلاندى
بۇ سۆز.
«ر»نى «ي» دېسىمۇ
سۆز تەپتىدە
ئېرىدى مۇز.
ئېرىدى
سۆز ئارغامچىلىرى باغلاندى
ئۇيغۇر تىلىغا يېقىن
قەدەم
ھىجران چۆللىرىگە تاشلاندى.

# توي خاتىرە كۈنى

4- ئىيۇن
ئۆتتۈپ كەتتى تېۋشسىز.
ئۈنتۈپ قالدى تېلېفون
يات شەھەردە
يالغۇز ئايالنى.
قۇپقۇرۇق بەلكىم
بۇرۇنقىدەك
پوچتا ساندۇقى.
پەرھادنى تونسالىغان
تاغلار،
مەجنۇننى تونسالىغان
يوللار،
تونسۇۋالدى بىر پارچە
خەتنى.
سۆيگۈ يالقۇنجاپ
تۇرىدىغان
ئىسسىق تىلەكنى.
رەسىملەردە لۆملۈلدەر كۆز ياش.
سوغۇق ئۆيىنىڭ باغرىدەك
پەشتاقلاردا ساداسىز سۈنۈق.
يوللاردا شامال
تىترەيدۇ

گۈللەرسىز،
قۇللار قۇپقۇرۇق.
تاشلاندى يۈرەككە بىر ئېغىر
سايە
ئىيۇنغا
ئاتالغان شېئىر يوق بۈگۈن.
ئۇرۇلدى ھاياتقا
ئون بىر تال چېكىت
ئون بىر ھەسرەتكە
چېگىلدى تۈگۈن.




# ئامانەتنى تاپشۇرۇش

قاي كۆنلەردە كۆرەرمەن سېنى،
ئىشىكىڭنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ.
قىرىماقتا ساڭا يازغان شېئىر،
يىللاپ- يىللاپ بىر سېنى كۈتۈپ.

يامان ئىكەن ھىجرانلىق ياشاش،
ئۇ يەيدىكەن يۈرەك يېغىنى.
ئوقۇپ قالساڭ شېئىرىمنى بىر كۈن،
كۆرەرسەنمۇ ياشنىڭ دېغىنى.

بىر خاتىرە ياكى بىر كىتاب،
تاپشۇرغۇم بار سېنىڭ قولۇڭغا،
ئوقۇپ قويغىن ياكى قارىما،
ئەقىدەم بار ماڭغان يولۇڭغا.



# كېچىدىكى مەن


بىر مۇھەببەتنى ئىزدەيمەن
يۇلتۇزلۇق تۈنگە قارايمەن
قىش كېچىسى
يۇلتۇزلار يانىدۇ سۇس
ئاي
قاچانلاردا نۇر چاچار؟ دەيمەن
توڭلاپ كەتتى ئۆگزىلەر
كەپتەرنىڭ قاناتلىرى مۇز.
سارغىيىپ كەتكەن چۆپلەر خىرامان
قۇرتلار
ئۆچكىدە ياشايدۇ ئامان.
كېچە
كۆرگىلى بولمايدۇ ھېچنېمىنى
چۆپلەرنى
مۆكدەپ قالغان كەپتەرنى
پەقەت
مەن مۇھەببەت سۆيلەپ
قەلب كۆزۈمدە
سېزىمەن ئۇنى.

# مۇختەر بۇغرا غا

« مۇزلىغان باھار » نىڭ جىسمىدا كۆز ياش
ھىجرانلىق مىسرالار يۈرەككە خەنجەر.
بىر ئەركەك يىغلىسا سائەت نۆل پەيتى،
مىڭ ئايال ئازابتا ئىچەمدۇ زەھەر ؟!

باھارنىڭ جىسمىمۇ ئازبقا سالغان،
ياق، باھار زېمىنغا بېرەتتى بەرداش.
ناخشىدا ئېرىگەن يالقۇنلۇق يۈرەك،
دەيتتىغۇ «بۇغرا»نى كۆكتىكى قۇياش.

قاقاقلاپ كۈلمەسكە نە سەۋەب ئاخىر ؟!
«ئىككىنچى يىغا» ئۇ يوقالسۇن تۈگەل
ئۇيغۇرغا بىر بۈيۈك سوۋغا سەن ئۆزۈڭ،
ياش تۆكمە، بىزدىن كۆپ ياشىغىن مۇختەر!



# بىر مىنۇتلۇق يول

بىر مىنۇتلۇق يول
تېنچىن بىلەن يەكەن ئارىسى
ئاۋازلار ئاڭلانسا يېقىملىق
تاتلىنىدۇ يۈرەك يارىسى.
كۆڭۈل سۆزلەيدۇ تېلېفوندا
چېھرلەر بىر-بىرىدىن يىراق
شېرىن سۆزلەر ئەۋجىدە
ئۆتنەك يانىدۇ پىراق.
ئاھلار تۆكۈلىدۇ ئېغىزدىن
مۇھەببەتنىڭ ۋەزنى بەك ئېغىر
قويۇلغۇسى كەلمىگەن
تۇرۇپكا
بىر شېرىنلىكتە
قىلىدۇ پىچىر- پىچىر،
يۈرەككە تۇتىشىدۇ
قايقارا سىملار ئارىسىدا
تۇيۇقسىز كەلگەن ھىجران
سوئال قويىدۇ بەختكە ئاستا.
تېنچىندە ھاۋا ئوچۇقمىدۇ؟
يەكەن يىغلايدۇ يۇم- يۇم.
بۇ ئېھتىمال
قەدىمدىن قالغان ئۇدۇم.

# بۆرە ئوشۇقى ئاسقان قىز

قىزىل يىپقا باغلانغان بەخت
ئوڭ مۈرىدە قۇياش پارلايدۇ.
بەخت ھەممىگە قادىرمىكىن،
ياق،
بەختنى ئۆزى تاللايدۇ.
ئۈياتچانلىق ئىچىدە ئوشۇق،
چوڭ-چوڭ قىلار قىزمۇ گېپىنى.
رىۋايەتلەر ئىچكىرىسىدە
بۆرە
چاقنىتىدۇ كۆزىنى
بىر ئوشۇق
بىر تەقدىر
بىر تال قىزىل يىپ.
پەرىشتە سۈپەت قىز
ئۈچۈپ يۈرىدۇ،
كۆڭلىگە ياققان بىر رەڭلەر ئەۋجىدە
بەخت، ياق؟!
ئېھ، خاتىرجەم كۆيىدۇ يۈرەك.

# يەكەندىكى ئىككى بالا

ئىككى بالا
سۆزلىرى چالا
يەكەنىنىڭ باغرىغا
تاشلىدى جۇلا.
سېغىنىدى،
تەسۋىرلىيەلمەس
رەڭگىنى دەپ بېرەلمەس
پەقەت
تېلېفوندا
توۋلايدۇ:
«ئانا، ئانا»

كەچ
ئۆلارنىڭ نەزىرىدە
گويىكى جەننەت
ئۇيقۇ پەرىشتىلىرى
كۆرسەتكەندە ئانىسىنى
كۈلۈپ قويار مىيىقىدا
قۇچاقلايدۇ
قېنىپ-قېنىپ
تويماستىن راسا.
گۈللەر تۆكۈلەر ئانا ئىزىدىن

ئىپار پۇرايدۇ
قىلغان سۆزىڭدىن
يەكەندىكى ئىككى بالا
ئاماننىساخان بەرگەن
سادادا
مۇقام تارلىرىغا يۆگەپ
ئەقىدە،
توۋلايدۇ تىنىمسىز:
«ئانا، ئانا»....

كۈندۈز
يوللاردا ئارمانلىق
كۈيلەر ئارمانلىق
سېغىنىشنىڭ باغرى
پىغانلىق.
تېلېفون، رەسىمدە
ھىجراننىڭ ئوتى
كۆيىدۇ جۈپ پەرزەنت
ئەجەب
نىدالىق.



[General Information]
书名=我已离去了窗边　维吾尔文
SS号=40212414